# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学研究

(ئىچكى ژۇرنال)

ئومۇمىي 80 - سان

4
1990

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
新疆维吾尔自治区社会科学院

# مۇندەرىجە


خوتەن خەلقىنىڭ ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداشتىكى تارىخىي تۆھپىلىرى
........................................................ يىن ۋېن 1

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان مالىيە سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە غەلىبىسى ئۈستىدە ئەسلىمە ........................ ۋاڭ پېي 6

غەربنىڭ ئىنسان تەبىئىيتى ۋە باشقۇرۇش نەزەرىيىلىرى ئۈستىدە تەھلىل
........................................................ ئابلىمىت سالى 22

ۋېنگىردىيەنىڭ شەرقشۇناسلىق ـ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ...........
........................................................ ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى 34

يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن يەكەن خانلىقىدىكى ئابدۇرىشىتخاننىڭ پەرزەنتلىرىگە دائىر مەلۇماتلار ................................ لى چى 38


مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# خوتەن خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىكى تارىخىي تۆھپىلىرى

يىن ۋېن

قەدىمكى ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) كېيىن دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئادەم ۋە ماددىي ئەشيا جەھەتتە ئالاقە قىلىشقان. ئۇ چاغدىكى «كۈيۈنلۈن قاشتېشى»، يەنى خوتەن قاشتېشى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۈزلۈكسىز توشۇلۇپ تۇرغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 119 ـ يىلى جاڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم غەربىي رايونغا كەلگەندە، مۇئاۋىن ئەلچى نۇرغۇن سوغات بىلەن ئۇدۇنغا بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى كېزىپ، بۇ يەرنىڭ تاغ ـ دەريالىرىغا دائىر جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئۇدۇن خەلقىنىڭ دوستلۇق مېھرىنى ئېلىپ قايتقان. ئەينى ۋاقىتتا، بۈگۈنكى چىرىيىگە يېقىن جايلاشقان قۇمىد ئېلىنىڭ خانى ئۇلار بىلەن بىللە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئادەم ئەۋەتكەن. قۇمىد شاھزادىسى لەيدەن چاڭئەنگە بېرىپ ئۆگىنىش، سەيلە ـ ساياھەت ئېلىپ بارغاندا ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋېلىنغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى خەن پادىشاھى جاۋدى ئۇنى شاۋيۈي دەرىجىلىك سەركەردە ئۇنۋانى بىلەن مەركىزىي خاندانلىققا ۋەكالىتەن بۈگۈر، چېدىر (ھازىرقى بۈگۈر، كورلا ئەتراپى) نىڭ ھەربىي تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، غەربىي رايون ھىراۋۇل (قورۇقچىبەگ) مەھكىمىسىنى قۇرغان. خوتەن دائىرىسىدە ئۇدۇن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ خان، تۆرە ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ مەنسەپكە تەيىنلىشىنى قوبۇل قىلىپ، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. ئەينى ۋاقىتتا، يىپەك يولى راۋان بولۇپ، ئۇدۇن جەنۇبىي يول بويىچە مۇھىم بازار (كەنت) سۈپىتىدە جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، تەتۈر-

www.uyghurkitap.com

سىڭە ئىش تۇتقانلىقى نەتىجىسىدە، غەربىي رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالغان. ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى قايتىدىن بېسىپ كېلىپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايوننى ئاياق ـ ئاستى قىلغاندا، يەكەن، ئۇدۇن خانلىرى بىرلىشىپ ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەسىر كۈچىگە قاتتىق زەربە بەرگەن ھەم غەربىي رايون ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئەمەلدار ۋە ئائىلە تەۋەلىرىدىن مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قوغداپ قالغان. كېيىن بىر قانچە قېتىم جەڭ ـ مالىمانچىلىقلار بولغان. ئۇدۇن ئاقسۆڭەكلىرىدىن شىۋموبا خەنزۇلاردىن خەن جۇننىڭ ياردىمى بىلەن خان بولغان. ئۇنىڭ جىيەنى گۇاڭدې ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، ئۇدۇن گۈندىن ـ كۈنگە قۇدرەت تاپقان. «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا جىڭجۆ (ھازىرقى نىيە) نىڭ غەربىي شىمالىدىن سۇلېي (ھازىرقى قەشقەر) غىچە بولغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئۇنىڭ قارىمىقىدا بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان. مىلادى 73 ـ يىلى بەن چاۋ شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن غەربىي رايونغا ئەۋەتىلگەندە، ئۇدۇن خانىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. مىلادى 76 ـ يىلى خەن پادىشاھى مىڭدى ئۆلگەندىن كېيىن، ئوردىنىڭ چېگرا رايون ئىشلىرىدىن خەۋەر ئېلىشقا مادارى يەتمەي، بەن چاۋ قاتارلىقلارغا ئوياڭغا قايتىشقا بۇيرۇق بېرىلگەن، ئۇدۇن خانى گۇاڭدې بەن چاۋنى شەرققە قايتىشتىن قەتئىي توسقان. ئۇلار «ئۇنىڭ ئېتىغا ئېسىلىۋېلىپ ماڭدۇرمىغان». گۇاڭدې ۋە كەڭ ئاممىنىڭ بىردەك تەلەپ قىلىشى ۋە ماڭدۇرماي تۇتۇۋېلىشى بىلەن بەن چاۋ قېپقېلىش نىيىتىگە كېلىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئورۇنلاش يولىدا كۆرەش قىلغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ھىراۋۇل (قورۇقچى) لىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان غەربىي رايون دورغابى ئۇدۇنغا يۆتكىلىپ بارغان. ئۇدۇن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۆگىنىش ۋە سەيلە ـ ساياھەت قىلىشقا دائىم ئادەم ئەۋەتىپ، خەنزۇلارنىڭ تۈزۈمىنى ئۆگەنگەن. ئۈچ دۆلەت، ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە، مەركىزىي خانلىق بىر قانچە قېتىم ئالمىشىپ، يىراق جايلاردىن خەۋەر ئېلىشقا ۋاقتى يەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇدۇن يەرلىك ھاكىمىيىتى يەنىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە داۋاملىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرغان. جىن خانلىقى ئۇدۇن خانىغا «جىن سۇلالىسى دىۋان ياساۋۇل بېگى،

ئۇلۇغ تۇتۇق ھىراۋۇل، جىن خاندانلىقىدىن پەرمان ئالغان ئۇلۇغبەگ، جىن خاندانلىقىغا ئىخلاسمەن زات» دېگەن نامنى بەرگەن. بۇ مەزگىلدە، بۆلۈنۈش، مىللىي يىغىلىقلار يۈز بەرگەن، ئۇدۇندىكى ئۇرۇش ئاپىتىگە كۆپ ئۇچرىغان، دائىم بۇلاڭ - تالاڭ، چاپ - چاپ قىلىنىپ ئېغىر ئازاپ چەككەن كەڭ ئاممە دەھشەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تېخىمۇ بەك ئىنتىلگەن، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى بىلگەن. مىلادى 581 - يىلى سۈي سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ غەربىي رايوننىڭ قاتناش يولىنى قايتىدىن ئاچقان. ئۇنىڭدىن كېيىن تاڭ خاندانلىقى، بولۇپمۇ پادىشا تاڭ تەيزۇڭ چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا بىر قەدەر توغرا سىياسەت قوللانغان، غەربىي تۈركلەرنىڭ كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئۇدۇننىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى قايتىدىن مەركىزىي فېئودال خاندانلىقنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزگەن. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى تونۇشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا، خەن پادىشاھى ۋۇدىدىن بۇيانقى مەركىزىي خاندانلىقنىڭ ئەمرى - پەرمان - دەستەكلىرىنى ئۇدۇننىڭ بىر نەچچە ئەۋلاد خان جەمەتى قەدىرلەپ ساقلاپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ، تاڭ سۇلالىسىگە سادىق، سەممى بولۇپ بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋنىڭ 3 - يىلى (744 - يىلى) ئۇدۇن خانى ۋىسار شىڭ ئۇدۇندا ساتراپ بېگى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئاتاغلىق سەركەردە گاۋشەنجىگە ياردەملىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، تۇبۇت قوشۇنلىرىنىڭ بىر قانچە قېتىملىق پاراكەندىچىلىكىنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي رايون بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توسۇلۇپ قالغان قاتناشنى راۋانلاشتۇرغان. مىلادى 755 - يىلى ئەنلۇشەن - شىسىمىڭ توپىلىڭى (ئۆكلۈك - سۆيگىن توپىلىڭى) پارتلاپ، مەملىكەت زىلزىلىگە كەلگەندە، ۋىسارشىڭ ئۆز ئىنىسى ۋىسار ياۋنى مەمۇرىي ئىشلارنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇرۇشقا تەيىنلەپ، ئۆزى بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئىچكىرىگە بېرىپ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ياردەملەشكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈي زۇڭ پادىشاسى لى خېڭ تۇرلۇك جاپا - مۇشەققەت، خېيىم - خەتەرگە قارىماي، ئۇزۇن يولنى بېسىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ توپىلاڭنى تىنجىتىشتا بىللە بولغان ۋىسار شىڭنى بەكمۇ قەدىرلەپ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن كۈتۈپ، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن تەيىنشىلىككە تەيىنلىگەن. ئەنلۇشەن، شىسىمىڭ توپىلىڭىدىن كېيىن، ۋىسار شىڭ چاڭئەندە قېپقالغان، تاڭ خانلىقى ئۇنى ۋۇدۇننىڭ ۋاڭلىقىغا تەيىنلىگەن. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ۋىسار رۇي ئوردا تەرىپىدىن لۇڭجۇ ئوبلاستىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىن-

www.uyghurkitap.com

لەنگەن. ۋىسارىشىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ توپىلاڭنى تىنجىتقاندىن كېيىن،
تاڭ خاندانلىقى ئۇنىڭ ئىنىسى ۋىسار ياۋنى ئىشتات سىرتىدىكى ۋەزىر قىلىپ،
ئۇدۇننىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەيىنلىگەن. ۋىسار ياۋ مەر-
كەزنىڭ ئەمرى - پەرمانلىرىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ
جەنۇبىي قىسمىنىڭ تىنچ ۋەزىيىتىنى قوغدىغان. مىلادى 790 - يىلى، يەنى پادىشاھ
دېي زوڭنىڭ يىلنامىسى جېنيۈەننىڭ 6 - يىلى تۇبۇتلار كۇئېنلۇن تېغىنىڭ
شىمالىي ئېتىكىنى بېسىۋالغان. دۇنخۇاڭدىكى جاڭ يىچاۋ ئۆزىگە تەۋە ئاز سان-
لىق مىللەت قوۋمى ۋە خەنزۇ خەلقىنى باشلاپ، ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىش
ئارقىلىق خېشىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مىلادى 851 - يىلى ئۇدۇنمۇ ئۇيغۇر-
لارنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، تاڭ
خاندانلىقى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن جاڭ يىچاۋنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى بىلەن مۇناسى-
ۋەت قىلىشقا باشلىغان. كېيىنكى لياڭ خانلىقى چەنخۇانىڭ 2 - يىلى (912) مەشھۇر
ئۇدۇن خانى ۋىسا سامبخاۋا (لى شېڭتيەن) ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە كىرىشكەن.
ئۇ ئۆزىنى تاڭ خاندانلىقىغا تەۋە دەپ ئاتىغان. كېيىن جىن سۇلالىسى تيەنخۇنىڭ
3 - يىلى (938) جيەنشاۋ تەيبۇي ماجىرۇڭنى جىن سۇلالىسىگە تارتۇق تەقدىم
قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى كېزىپ كەيفېڭغا بېرىپ مەركىزىي خان-
دانلىققا سادىق، تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. جىن خانلىقى يىراق يولنى بېسىپ
كەلگەن بۇ ئەلچىنى ئادەتتىن تاشقىرى داغدۇغا بىلەن كۈتۈپ، ماجىرۇڭ-
غا ئەلنى تىنجىتقۇچى بۈيۈك سەركەردە دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن، ۋىسا سامبخاۋا
بۈيۈك ئۇدۇن خانى قىلىپ تەيىنلەنگەن. مىلادى 960 - يىلى سۇڭ خانلىقى قۇرۇلغاندا،
ئۇدۇننىڭ ۋىسا جەمەتى ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكىرىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشقان. ۋىسا سامبخاۋا ئۆز ئوغلى سۇڭدېنى ئەۋەتىپ
«تارتۇق تەقدىم قىلغان». شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە شىمالىي سۇڭ خانلىقىنىڭ
غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەل بولغان قوشۇننىڭ ساۋ جەمەتىدىن بولغان ساترابى
بىلەن قۇدىلاشقان. ئۇدۇن خانى ۋىسا سامبخاۋا خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قەدىرلەپ،
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىرىدەك كىيىنگەن، مەمۇرىي تۈزۈمدە كۆپىنچە ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك مەركىزىي ھاكىمىيەتلىرىنى دورىغان.

مىلادى X ئەسىردىن كېيىن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاش-
قان ئۇدۇندىكى ۋىسا جەمەتىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى تازا قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان
ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى شەرقتە چەرچەن شەھىرىگە، غەربتە يەكەنگىچە شەرقتىن
غەربكە نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان دائىرىگە كېڭەيگەن، زېمىن دائىرىسى

تىنچ بولۇپ، ئىقتىسادى گۈللەنگەن، دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئۇنى تارقىتىۋاتقان قاراخانىلار خانلىقى بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىپ، بىر نەچچە ئون يىللىقچە دىنىي ئۇرۇش بولغان. XI ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار خانلىقى ئۇدۇننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە ئاكتىپ يېقىنلاشقان. XI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، تاڭغۇتلار ئەسكەر تارتىپ گەنجۇ، شاجۇ، سۇجۇ ئۈچ ئوبلاستىنى ئىشغال قىلىپ، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش، سودا ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلغان. ئۇدۇن خانى دۇگىئى مىجىيدۇ سۇڭ خانلىقىغا «ياخشىلىق قايتۇرۇش» ئۈچۈن، ئەسكەر چىقىرىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، سودا ئىشلىرىدىكى توسالغۇنى يوقىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى تەلەپ قىلغان، سۇڭ خانلىقى بۇنىڭغا قوشۇلغان، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق مەركىزىي خانلىق بىلەن دوستانە تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن.

يېپەك يولىدىكى قەدىمكى ئۇدۇن مىلادىيدىن بۇرۇنقى II ئەسىردىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ غەربىي زېمىنىدا ئارقا ـ ئارقىدىن شانلىق، كۆركەم تارىخ سەھىپىلىرىنى قالدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدا ئالاھىدە تۆھپىلەرنى قوشقان. كۇئېنلۇننىڭ شىمالىدىكى كەڭ بوستانلىقتا، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئىگە بۇ خىل تارىخىي ئەنئەنە ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىمۇ شانلىق نۇرىنى چاقنىتىپ كەلگەن. 1865 ـ يىلى قوقەنتلىك ھەربىي كاتىۋاش ياقۇپبەگ زورلۇق ۋە ئالدامچىلىق ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، يەكەندىن خوتەنگە بېسىپ كىرگەندە، يەرلىك خەلق قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، بىر ئايدىن ئارتۇق ئېلىشقان، نەچچە ئون مىڭ ئادەم قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ، تاجاۋۇزچىلار بىلەن قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلىش روھىنى نامايەن قىلغان. 1912 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يۈز بەرگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەلنى زىلزىلىگە سالغان چىرىيە كەنتى ۋەقەسى خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تولۇپ تاشقان غەزەپكە كېلىپ، ئۇلاردىن قىلچە قورقماي، ئۇلارغا باش ئەگمەي، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، باتۇرانە كۆرەش قىلىشتەك قەھرىمانلىقىنى كۆچلۈك ئەكس ئەتتۈرگەن.

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى خەلق تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، چوڭ ـ كىچىك بوستانلىقلاردا تارقاق ياشاپ، دائىم يات مىللەتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىـ

(داۋامى 7 ـ بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتىلغان مىللىي سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتى ۋە غەلىبىسى ئۈستىدە ئەسلىمە

ۋاڭ پېي

(تەھرىر ئىلاۋىسى: بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ 1989 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك 4 ـ نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقى. بىر قۇر رەتلەپ چىقىلىپ، بىر ئاز تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، تولۇقلىنىپ، ژۇرنىلىمىزغا بېسىلدى، پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ).

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستانى بىلەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن چېگرىداش. قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، ئۇيغۇر، تاتار، خۇيزۇ، رۇس قاتارلىق چېگرا ئاتلىغان مىللەتلەر ئىككى مەملىكەتنىڭ كەڭ زېمىنىدا تارقالغان، ئۇلار تارىختا ھەر جەھەتتىن ئالاقىلىشىپ كەلگەن. بۇ ئىككى مەملىكەتتە خەلق ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئوخشاش ئىجتىمائىي تۈزۈم ئورنىتىلدى. جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى بىر مەزگىللىك ئەگرى توقاي يولنى بېسىپ، يەنە نورمال تەرەققىي قىلىش يولىغا كىردى. ھازىر شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، سودا جەھەتتە ئالاقە بارلىققا كېلىپلا قالماي، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ۋە پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنىڭ باردى ـ كەلدىسىمۇ يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيمەكتە. تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بېرىش ـ كېلىش قىلىۋاتقانلارنىڭ سانى ھەر يىلى نەچچە ئون مىڭغا يېتىدۇ. چېگرا جايلاردىكى خەلق بىر ـ بىرىگە ھەر خىل خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى مەملىكەتنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ ھەر تەرەپلىمە بولۇپ كەلدى. مىللىي سىياسەت ۋە مىللىي مەسىلە نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

ئەمەلىيىتى ۋە تەجرىبە ساۋاقلىرى بىز ئۈچۈن ئەينەك بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى بىرەر پارچە قىسقا ماقالە بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. بۇ ماقالىدە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىش ئۈچۈن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە قىسقىچە ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈلىدۇ. تۆۋەندە بىر نەچچە جەھەتتىن سۆزلىنىدۇ.

1. دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ شەكلى جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان. مەملىكىتىمىز بولسا دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بەزىلەر بۇنىڭغا قارىتا باشقىچە پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ھەتتا ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونوم رايونلىرىنى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرگە ئۆزگەرتىپ، مۇشۇنداق بىر خىللا تۈزۈمدىكى دۆلىتىمىزنى فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەتكە ئۆزگەرتىشنىمۇ تەلەپ قىلدى. بۇ مەسىلە 50 - يىللاردىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا جۇئېنلەي زۇڭلى بۇ مەسىلىنى مەخسۇس تەھلىل قىلىپ ۋە تەپسىلىي شەرھلەپ ئۆتكەنىدى. ھالبۇكى بۇ مەسىلە بەزى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا بۈگۈنكى كۈنگىچە يەنىلا ھەل بولمىغان. ئۇلار جۇڭگو ئەھۋالىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى فېدېراتىپ تۈزۈمىنىڭ جۇڭگوغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ياكى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ. مەملىكىتىمىز ئەزەلدىنلا بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزگە يىغىلغان كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت، فېدېراتىپ تۈزۈمنى يولغا قويۇش تارىخنىڭ چاقىنى ئارقىغا بۇرىغانلىق بولىدۇ، ئۇنداق قىلىش ھەم دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە مۇستەقىللىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىسىز، ھەم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا پايدىسىز، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلـ

---

گە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز يۇرت - زېمىنلىرىنى قىزغىن سۆيۈشتەك چوڭقۇر ھېسسىياتىنى ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئارزۇ قىلىشتەك ھەققانىي تەلىپى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايەن قىلىپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقان.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىل 2 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: روزى تۇردى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

قىنىڭ توپ مەنپەئەتىگە ۋە ئارزۇسىغا زىت. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى، بۇ تۈزۈم تارىختا ئىجابىي رول ئوينىدى. ئەمما فېدېراتسىيە تۈزۈمى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئېغىر هالدا ئۆزگىرىپ كەتتى، هوقۇق مەركەزنىڭ قولىغا ئارتۇقچە يىغىۋېلىندى-دە، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر خىللا مەركەزچىلىك تۈزۈمىگە ئايلىنىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدە بولۇش هوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش هوقۇقىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى ۋە كېڭەيتىلىشىنى تەلەپ قىلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق. سوۋېت ئىتتىپاقى فېدېراتسىيە تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەن هالىتىنى تۈزىتىپ، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرگە كۆپرەك هوقۇق بېرىشنى قارار قىلدى هەمدە فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى توپ خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى (ئۆزگەرتىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ)، مەركەزدىن ئايرىلىش خاهىشى ئېغىر بولغان جۇمھۇرىيەتلەر ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش هوقۇقىنىڭ كېڭەيتىلىشى بىلەن قانائەت قىلمايدۇ. ئۇ يەرلەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر گورباچېۋنىڭ «ئىسلاھات» ۋە دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنى، ئاشكارىلاشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇشنى ئاشكارا تەلەپ قىلىپ، مىللىي مۇستەقىللىك شامىلىنى چىقاردى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىمۇ بۇ شامالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى پرېزىدىئومى «ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چىقىپ كېتىش مەسىلىسىنى هەل قىلىشقا دائىر رەسمىيەت قانۇنى» نىڭ لايىهەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ لايىهە ماقۇللىنىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا قانداق ۋەزىيەت كېلىپ چىقىدىغانلىقى هەققىدە بىر نېمە دېيىش تەس. ئەگەر مۇستەقىللىك دەۋاسى ئەۋج ئېلىۋەرسە، ئازغىنە كەم 70 يىل مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى گۇمران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ بۇنداق ۋەزىيەتنى يىغىشتۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. مەملىكىتىمىزدىمۇ ئىنتايىن ئازسانلىق كىشىلەر ۋەتەننى پارچىلاش ئۈچۈن مۇستەقىللىك دەۋاسى قىلدى. بۇ كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى دوراپ، شۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بۆلگۈنچىلىك هەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىگە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مۇمكىن. بىز مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن كۆرەش قىلغاندا،

سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىققان شامالنىڭ تەسىرىدىن ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولمىساق ھەمدە كۈچلۈك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللانمىساق بولمايدۇ.

2. ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ تەرەققىيات فاكچىنىغا، ئىستىقبالىغا، مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋە ئۇلاردا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە شىنجاڭدىكى كادىرلار ۋە ئاممىا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكىتىمىز بىلەن چېگرىد- داش جايلىرى ئىنقىلابتىن ئىلگىرى ئىنتايىن نامرات ۋە قالاق ئىدى، سوۋېتلەر ھاكىمىيىتى دەۋرىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر جايلاشقان چېگرا رايونلارنى تەرەق- قىي قىلدۇرۇش فاكچىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 70 يىللىق ئېچىش، قۇ- رۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇ جايلارنىڭ قىياپىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە، بۇ جايلارنىڭ ئالغا كەتكەن رايونلار بىلەن بولغان پەرقى كىچىكلىدى، بەزى جۇمھۇرىيەتلەر پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا ئىگە بولدى. مەسىلەن، قازاقىستان بۈگۈنكى كۈندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئېنېرگىيە، مېتا- للورگىيە بازىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھ- سۇلات قىممىتى ئىزچىل رەۋىشتە پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئۈچىنچى ئورۇننى ئىگىلەپ كەلمەكتە. شىنجاڭنىڭ 40 يىللىق مۇۋەپپەقىيىتىمۇ قالتىس زور. ئەمما ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان رايون بولغان شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا يېتەلمەيدۇلا ئەمەس، مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ئىلغار ئۆل- كە - رايونلاردىنمۇ خېلىلا ئارقىدا تۇرماقتا. ئىلگىرى بەزى كادىرلار ئۆزىمىزنىڭ خەققە يېتەلمەيدىغانلىقى بىلەن ئۆزىنى كەمسىتىپ، مەيۈسلىنىپ، ھەممىدىن ئاغ- رىنىپ يۈرەتتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغىلى، ئىشىك ئېچىۋېتىلگىلى ئون يىل بولغان، ئىگىلىك گۈللەنگەن بۈگۈنكى كۈندە، كۈندىلىك ئىستېمال بويۇملىرى- نىڭ ئەشلەپچىقىرىلىشى ۋە بازارنىڭ تەمىنلىنىش ئەھۋالى قارشى تەرەپنى ھەي- ران قالدۇردى، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بەزى كادىرلىرىمىز مەغرۇرلىنىپ كەتتى، ئىقتىسادىي ئومۇمىي گەۋدە ۋە ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە ئۆزىمىزنىڭ خېلىلا ئارقى- دا ئىكەنلىكىمىزنى كۆرمىدى. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەققەتەن ناچار، ئىقتىسادىي مەسىلە بىلەن مىللىي مەسىلىنىڭ گىرەلىشىپ كېتىشى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى- نى مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي تۇ-

زۇلمە ئىسلاھاتى بارغانسېرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمىمۇ ناھايىتى كىچىك بولدى، تۇرغۇن ھالەت ھازىرغىچە ئۆزگەرگىنى يوق. خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىۋاتقان ئىستېمال ئېھتىياجى قاندۇرۇلمايلا كېلىۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى سوۋېت ئىتتىپا-قىنىڭ باشقا جايلىرىنىڭكىدىن ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن، بەزى جايلاردا ئۆي قىس، كۆپ بالىلىق ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى قىيىن، مىللىي رايونلاردا نامرات ئائىلىلەر كۆپەيمەكتە، ئىشسىزلىق نىسبىتى ئۆرلىمەكتە. مۇشۇلارمۇ مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ جىددىيلىشىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. مانا بۇ ھازىرقى رېئال ئەھۋال. تارىخنى ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، گەرچە مەسىلە ئاز بولمىسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتى-پاقىنىڭ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئادەم، ماددىي ئەشيا، مالىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى، مىللىي رايونلارمۇ پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇناسىپ ھالدا تۆھپە قوشتى. ئۇزۇپ ئېيتقاندا بولىدۇكى، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بولمايدىكەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىي جەھەتتە بۈگۈنكىدەك يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بولالمىغان بو-لاتتى، بۈگۈنكىدەك تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئىگە بولالمىغان بولاتتى. ئەمما ئال-غا كەتكەن رايونلار بىلەن بولغان پەرق دۆلەتنىڭ ياردىمى ئارقىلىقلا تەڭشىلى-دىغان بولسا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن سەل-بىي ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ياردەمغۇ زۆرۈر، ئە-ۋەتتە، ئەمما ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھى كەم بولسا تېخىمۇ بولمايدۇ. مىللىي رايونلار پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار تەرىپىدىن ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، تەشەببۇسكارلىقنى ۋە ئاكتىپلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىدىكى ئۈستۈنلۈك ۋە شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشى لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغاندا، مەركەز بىلەن جايلار ھوقۇقىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلۈشى بىلەن تەقسىم قىلىنىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-سىۋەتنى، ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قى-لىشى، بىر-بىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىشى لازىم. جايلار مەركەزگە بويسۇنۇشى، مەركەز ئاپتونوم جايلارنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئىتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي

تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش،
كەسىپلەر بويىچە ئىش تەقسىم قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ مۇشۇ روھ بويىچە
مۇۋاپىق ھەل قىلىش لازىم. قازاقىستاندىكى بىر ئالىم، بىزنىڭ بۇ يەردە مىللىي بارا-
ۋەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى بۇزۇلدى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق
بولمىدى، قازمىچىلىق سانائىتى بىر تەرەپلىمە راۋاجلاندۇرۇلدى، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ
ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ كۆپ قىسمى مەركەزنىڭ قولىدا بولۇپ قالدى، مەركەزگە
قاراشلىق كارخانىلارنىڭ كىرىمى ناھايىتى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ، جۇمھۇرىيىتى-
مىزنىڭ كۆپ بولمايۋاتىدۇ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ، قوشۇمچە كەسىپ
مەھسۇلاتلىرىنىڭ ۋە سانائەت خام ئەشيالىرىنىڭ باھاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى
يەرلىك كىرىمنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى، دېگەن. بۇلتۇر بۇ جۇمھۇ-
رىيەت سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇ-
ناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسلىنىپ، شۇ خىل مەسىلىلەرنى ھەل
قىلىشنىڭ لايىھىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، 1990 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويغان.
ئۆزبېكىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەردىمۇ مەخسۇسلاشتۇرۇشنىڭ ئارتۇقچە تەكىت-
لىنىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلما جەھەتتىكى نامۇۋاپىقلىق كېلىپ
چىققان. تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق گەۋدىلىك بولۇپ كەتكەن،
ھەتتا ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىققان. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى
بىر تەرەپتىن ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز ئالدىغا
ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ بېرىشكە ۋەدە بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بە-
زى جايلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى تەمىنلەشكە ئىنتىلىپ، ئۆزىنى يېتىم قالدۇرۇشى خە-
تەرلىك دەپ كۆرسەتمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتى ئاساسىدا
بىرلىكنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى تەكىتلىمەكتە. بۇنىڭدىن
باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئائىلىنىڭ كەڭ دائىرىدە كۆچۈرۈلۈشى، ئاھالى-
نىڭ بەك تېز كۆپىيىپ كېتىشى، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئوشۇقچىلىقى، ئېكولوگى-
يىلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ئېغىر ئىجتىمائىي مەسى-
لە ۋە ئىقتىسادىي مەسىلە مەۋجۇت. مۇشۇنداق مەسىلىلەر شىنجاڭدىمۇ ئوخشاش
بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ مەسى-
لىلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىغا ۋە ئۇنى قانداق ھەل قىلىشىغا كىشىلەر ئەلۋەتتە
كۆڭۈل بۆلىدۇ.

3. سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، سوۋېت
ئوتتۇرا ئاسىياسىدا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، كى-

شەھەرلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ئۇزاق تارىخقا، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا رۇس مەدەنىيىتىنىڭ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل تەركىبلىرىنى ئۆگىنىش ۋە قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭكىنى بېيىتىشقا ۋە تولۇقلاشقا دىققەت قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپ مىللەتلىك سوۋېتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتى شۇ ئاساستا تەرەققىياتقا ئېرىشتى ۋە گۈللەندى. قازاقىستاندىمۇ، ئۆزبېكىستاندىمۇ نۇرغۇن مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابلىرى ۋە مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى بار. قىرغىزىستاندىن ئايتماتوۋقا ئوخشاش قوش تىللىق، ھازىرقى زامان دۇنيا مەدەنىيىتى سەھنىسىدە داڭ چىقارغان يازغۇچىلار چىقتى. ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە. 30 ـ يىللاردىن 50 ـ يىللارغىچە، قازاقىستاندا مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋە خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتەك ئېغىش ۋە خاتالىقلار يۈز بەرگەندى، يېقىنقى بىر مەزگىلدە بولسا، بۇ يەردە قازاقلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى غايىلەشتۈرۈش، سىرتنىڭ مەدەنىيىتىنى چەتكە قېقىش خاھىشى، ئىلگىرىلىمەي توختاپ قېلىش خاھىشى يۈز بەردى، بۇ ھال مەدەنىيەتنىڭ ئېغىر ھالدا چۈشكۈنلىشىشىگە سەۋەب بولدى. بىزنىڭ ئالدىمىزدىمۇ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت. ئالدىنقى يىلى شىنجاڭدا مىللىي مەدەنىيەت ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. ھەر بىر مىللەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنىڭ يىغىندىسى ئىچىدە جەۋھەرمۇ بولىدۇ، شاكالمۇ بولىدۇ، ئۆز مىللىتىنىڭكىنى پۈتۈنلەي مۇئەييەنلەشتۈرۈش پوزىتسىيىسىمۇ، باشقا مىللەتنىڭكىنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىمۇ توغرا ئەمەس، بۇنداق پوزىتسىيىنىڭ ئىككىلىسى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە پايدىسىز. بىز مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋە باشقا مەنىۋى مىراسلىرىغا، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ياخشى ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز، مىللەتنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى ساقلاپ، مىللىي ئىنكارچىلىققا قارشى تۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا مىللەتلەرنىڭ، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەنقىدىي رەۋىشتە قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. مەنىۋى جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىكمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زىيانلىق.

مىللىي تىل - يېزىق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى. تىل - يېزىق جەمئىيەتتىكى باراۋەرلىك مىللىي باراۋەرلىكنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم بىر تەرەپ، شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي تىل - يېزىقنى ئىشلىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت ئېتىبارىغا ئېرىشمەكتە. سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتىدە نەتىجىمۇ بار، مەسىلىمۇ بار. يېزىق ئىسلاھاتى، تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلىپ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەر قوللىنىلغانلىقى، مىللىي تىل تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان رۇس تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغانلىقى نەتىجە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىللىي تىلنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنىڭ ئانچە ئوبدان جارى قىلدۇرۇلمايۋاتقانلىقى، قوش تىللىق يولغا قويۇش جەريانىدا رۇس تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەكىتلەپ، مىللىي تىلغا سەل قاراش ياكى مىللىي تىلنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تەكىتلەپ، رۇس تىلىنى چەتكە قېقىش ئەھۋاللىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، بەزى ئۇششاق مىللەتلەر تىلىنىڭ كەمسىتىلىۋاتقانلىقى مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىل مەسىلىسى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن نازۇك مەسىلە. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھازىر يۈز بېرىۋاتقان مىللىي ماجىرالارنىڭ بەزىلىرى مىللىي تىلنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلدى، بۇ خىزمەتنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس ئاپپارات ۋە تەتقىقات ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا خەت - ئالاقىلەر ئىككى خىل يېزىق بىلەن ماڭىدۇ، مۇھىم يىغىنلاردا ئىككى خىل تىل قوللىنىلىدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىشىگە ئىلھام بېرىلىدۇ. بىز مىللىي تىل - يېزىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قوللىنىش جەھەتتە خېلى ئوبدان ئىشلىدۇق. مەملىكەت بويىچە كەڭ تۈردە قوللىنىلىدىغان خەنزۇ تىلى، خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگىنىش جەھەتتە ئىختىيارىيلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىندى، ھېچقانداق مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللىنىلمىدى. گەپ ئاساسىي قانۇنىمىزدىكى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەزى بەلگىلىمىلەرنى ئەتراپلىق ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەشتە. يېقىندىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر نەچچە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى كەينى - كەينىدىن تىل قانۇنى ماقۇللاپ، شۇ جۇمھۇرىيەتتىكى ئاساسىي مىللەتنىڭ تىلىنى شۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ دۆلەت تىلى قىلىشنى بەلگىلىدى. بۇ تەدبىر بىر قاتار مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

چىقىرىشى مۇمكىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ ئەكس سادا قوزغىشى مۇمكىن. جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي تىل - يېزىق سىياسىتى جەھەتتىكى ئوخشاشمىلىقى ۋە ئوخشىماسلىقىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان تېمىدەك تۇرىدۇ.

4 . مىللىي مائارىپ جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلىرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئادەتتىكى مائارىپ ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بولغان، ئالىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى تېز تەرەققىي قىلغان، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىمۇ خېلى راۋاجلانغان. ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مائارىپ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئومۇمەن ئېيتقاندا، رۇس فېدېراتسىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەۋىيىسىگە يېقىنلاشقان، ھەر 10 مىڭ كىشى ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىگىلىگەن سانى تەرەققىي تاپقان بەزى كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭكىگە تەڭلەشكەن، ھەتتا ئېشىپ كەتكەن. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەكتەپ خىزمىتىدە ئۇلار ئوقۇتۇشنىمۇ تۇتقان، تەربىيىنىمۇ تۇتقان، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى، جۈملىدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسونالىزملىق (مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەت МежНацоналызим)، ئىلمىي ئاتېئىزم، ئەخلاق، قانۇن، ئېستېتىكا، ئەمگەك قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەربىيىنى تەكىتلىگەن. ئىنقىلابىي ئەنئەنە توغرىسىدىكى تەربىيىمۇ دائىم ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل تۈزۈمگە ئايلانغان. بۇ جەھەتتىكى تەربىيە پائالىيەتلىرى بەزىدە شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئىنكار قىلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ، سىياسىي- ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئېلىپ تاشلاشقىمۇ ھەرگىز بولمايدۇ (سوۋېت ئىتتىپاقى مەكتەپ مائارىپىدا ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە دەرسلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلغان). نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، تۈرلۈك مەكتەپلەر خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ئۈچۈن كەسپىي خادىملارنى تۈركۈملەپ ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەرگەن. لېكىن مائارىپ ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى، مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشى تەكشى بولماسلىقى، مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان كەسپىي دەرسلەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجغا دېگەندەك ئۇيغۇن بولماسلىقى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ۋە مەكتەپ خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى جۇمھۇرىيەتلەردە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا، ئاساسىي گەۋدە مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىلگەن ئېتىبارنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، باشقا مىللەتلەرنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان،

بۇنداق ناتوغرا ئىستىل ھېلىمۇ مەۋجۇت.

بىزنىڭ شىنجاڭدىمۇ مائارىپ ئىشلىرى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندى، تۈرلۈك ئوقۇتۇش مۇئەسسەسەلىرى ھەممىلا جايدا قۇرۇلدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ۋە نوپۇس ئىچىدە تۇتقان نىسبىتىنى ئۆتمۈشتىكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزدە مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى، مىللىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسى، سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە كۆپ خىللىقى قاتارلىق جەھەتلەردە پەرق بار. ئاساسىي مائارىپنىڭ ئاجىزلىقى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكى — مائارىپ سۈپىتىنىڭ ئۆسەلمىگەنلىكىدىكى مۇھىم سەۋەب. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلىرى مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ رايونلارنىڭ ئىلگىرىكى ساۋاتسىزلىق قاپلاپ كەتكەن قالاق قىياپىتى ئۆزگىرىپ، زور زىيالىيلار قوشۇنىغا ئىگە رايونلارغا ئايلانغان. بۇ مىسال بىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، مائارىپنى مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك تەدبىر قىلىشىمىزغا ئىلھام بولۇشقا تېگىشلىك. ئادەمنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتە ئۇزاق مۇددەت ئىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىزنىڭ بەزى رەھبىرى كادىرلىرىمىز كۆپىنچە يېقىنقى مەنپەئەتنىلا كۆزلەپ، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە سەل قارايدۇ؛ مائارىپ ئىشلىرىدا سانغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، سۈپەتكە سەل قارايدۇ، قوبۇل قىلىنغان ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەنلا قانائەتلىنىپ، تەربىيىلەنگەن خادىملارنىڭ ئۆلچەمگە لايىق بولۇش - بولماسلىقى بىلەن كارى بولمايدۇ. بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشتىكى تەجرىبىلىرىگىمۇ قارىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ۋە مائارىپنىڭ سۈپىتىنى تۇتۇشى كۈچلۈك بولمىغانلىقىدىكى ساۋاقلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. بىز ھەرگىز بىر تەرەپلىمە ھالدا سانىنىلا قوغلاشماي، دىققەت نەزىرىمىزنى ئۆلچەمگە لايىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە قارىتىپ، مىللىي مائارىپنى پۇختا ھالدا ھەقىقىي يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك.

5. كادىرلار سىياسىتى ۋە كادىرلار خىزمىتى جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمەلىيىتىدىن بىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆرنەك قىلىشىمىزغا بولىدىغان بىر مۇنچە نەرسىلەرمۇ بار ئىكەن. سوۋېت كومپارتىيىسى مىللىي رايونلاردا يەرلىك مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىشكە ئەزەلدىن بىر قەدەر ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بىرقانچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرمۇ پەيدىنپەي ئۆزىنىڭ كادىرلار قوشۇنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، كادىرلارنىڭ بىلىم ئەھلىگە ۋە كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىشى جەھەتتىمۇ ئالاھىدە نەتىجىگە ئېرىشكەن. بىر مىللەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان مىللىي ئاپتونومىيىلىك رايونلاردا، كادىرلارنى مىللىيلەشتۈرۈش دېگەن سۆزنى ئاساسىي گەۋدە بولغان مىللەتنىڭ كادىرلىرىنىلا ئىشقا قويۇش دەپ تار مەنىدە چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، ياشلار بىرلەشمىلىرى، ئاياللار جەمئىيىتى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە ئىقتىسادىي ئورگانلارنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇرۇش ھەمدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تەركىبىدە مەزكۇر رايوننىڭ مىللەت قۇرۇلمىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك، ئەلۋەتتە. يېقىندا مەلۇم بولغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ كادىرلار خىزمىتىدىمۇ بىر مۇنچە مەسىلىلەر ساقلانغان. مەسىلەن، قازاقىستاننى ئالساق، بۇ جۇمھۇرىيەتتە كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، سەپلەش ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە نۇقسانلار مەۋجۇت بولغان. كادىرلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشتا كادىرلارنىڭ ئەخلاق ۋە قابىلىيەت ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرماي، ئۇلارنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى بەكرەك كۆزدە تۇتقان، سىياسىي - ئىدىيىۋى ئەھۋالى، ئەخلاق - پەزىلىتى، كەسپىي ساپاسى، خىزمەت ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەرگە سەل قارىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇنايېۋ (سوۋېت كومپارتىيىسى قازاقىستان مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سابىق 1 - سېكرېتارى) دەك رەھبىرىي خادىملارنىڭ ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە يېقىن ئادەملىرىنى ئىشقا قويۇشى، كىشىلەرنىڭ يەرلىك مەزھەپچىلىك بىلەن گۇرۇھۋازلىق قىلىشى، بەزى ئادەملەر ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن مەنسەپ - ئورۇن تالىشىشى كادىرلار قوشۇنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىدا مىللىي كادىرلار پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا كۆپ، ئىگىلىك ۋە پەن - تېخنىكا ئورۇنلىرىدا ئاز بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشالمىغان.

بىزنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزمۇ مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى مىللىي سىياسەتنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپە دەپ قاراپ كەلدى. 40 يىلدىن بۇيان نۇرغۇنلىغان يەرلىك مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، ئۇلار سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئۆزىگە خاس رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. لېكىن كادىرلار خىزمىتىدىكى يېتەرسىزلىك شۇكى، بىر مەزگىل كادىرلارنىڭ كەسپىلىشىشىگە بولغان تەلەپ يۇقىرى بولمىدى، ئومۇمىي گەۋدىدىن قارىغاندا، كادىرلارنىڭ كەسپىي بىلىم سەۋىيىسى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا، كادىرلارنى كەسپىي جەھەتتە نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشتە بىر يۈرۈش تۈزۈم ۋە چارە يولغا قويۇلغان، بۇنى ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. كادىرلار مەسىلىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلىرىدە ۋە بىزنىڭ شىنجاڭ رايونىمىزدا بەزى ئېغىشلار يۈز بەرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى تارىختا زور بىر تۈركۈم مىللىي كادىرلارنى خاتا ئەدەبلىگەن، بىزدىمۇ يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەردە بىر مۇنچە مىللىي كادىرلار ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان. بۇ جەھەتتە ئورتاق ساۋاق بار، بۇنى ئەستە ئوبدان تۇتۇشىمىز كېرەك.

6 . دىن مەسىلىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى كۆپ يىللاردىن بۇيان، بىر تەرەپتىن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرگە يول قويغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاتېئىزم تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، دىنغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلىرى ئۇزاقتىن بۇيان مۇشۇنداق قىلغانلىقتىن، دىنىي تەشكىلاتلار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئازايغان، پۈتۈن خەلق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەھۋال تۈگىگەن. لېكىن ئۇلار دىنىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكتىن، دىنىي خىزمەتتە ھەمىشە «سول» چىلىق قىلىپ، دىنغا قارشى كۈرەشنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىشنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن، «دىنىنى ئومۇميۈزلۈك، تەلتۆكۈس يېڭىش» كە ئالدىرىغان. بىر مەزگىل ئىچىدە نورمال دىنىي پائالىيەتلەر نامۇۋاپىق مەمۇرىي مۇداخىلىگە ئۇچراپ، ئاشكارا ھالەتتىن يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتكەن، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتى بېسىمغا ۋە زەربىگە ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا قارشىلىق كەيپىياتى تۇغۇلۇپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگىمۇ سەلبىي تەسىرلەرنى كەلتۈرگەن. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى دىنغا قارىتىلغان

فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى تەكشەپ، دىن توغرىسىدا يېڭى قانۇنلارنى تۈزۈۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوۋېتچە يېڭى كېيپىياتنى تۇرغۇزۇش، كونا ۋە دىنىي تۈس ئالغان بايرام، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ ئورنىغا يېڭىچە بايرام، قائىدە ـ يوسۇن ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنىلەرنى دەستىش تەشەببۇس قىلىنغان. بۇ، كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشتە مەلۇم رول ئوينىغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمى —— روزا ھېيتى، قۇربان ھېيتى قاتارلىق بايراملار ئېلىمىزدىكىدەك كەڭ كۆلەمدە تەبرىكلەنمەيدىغان، ئادەتتە پەقەت خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتتا ئائىلە دائىرىسىدىلا كىچىك كۆلەملىك پائالىيەت ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان.

دىنىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا، بىزدىمۇ يا ئۇنداق يا بۇنداق ئېغىشلار يۈز بەرگەنىدى. ھازىر «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يۈز بەرگەن ئىنتايىن «سول» چىللىق خاتالىقى تۈزىتىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە دىنىي تۇرمۇشى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدى. لېكىن بەزى جايلاردا يەنە بىر خىل ئېغىش يۈز بەرگەندەك قىلىدۇ. يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە، رېمونت قىلىنغان ۋە يېڭى ياسالغان مەسچىت بەك كۆپ بولۇپ كەتكەن، قۇرۇلغان دىنىي مەكتەپلەرمۇ ئاز ئەمەس، بەزى جايلاردا دىنىي پائالىيەتلەر ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، بۇلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان تەسىرى ۋە ئاقىۋىتىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس، بىر مۇنچە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بۇنىڭدىن چوڭقۇر غەم يېمەكتە. پارتىيىمىزنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان دىنىي سىياسىتى توغرا، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىمۇ بىر قەدەر ياخشى، لېكىن بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسىلە يوق دېگىلى بولمايدۇ. بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، ھەم «سول» چىللىققا قارشى تۇرۇش، ھەم ئوڭچىللىقتىن ساقلىنىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ دىنىي مەسىلىگە ئاددىي ـ قوپال پوزىتسىيە قوللىنىشقا بولمايدۇ، ھەم ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىدىن ھوشيار بولۇش لازىم. پاكىتلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، غەيرىي نورمال دىنىي ئەسەبىيلىك كۆپ ھاللاردا يامان غەرەزلىك ئادەملەر تەرىپىدىن قوزغىتىلغان، ھالبۇكى، دىنىي ئەسەبىيلىك يەنە ھەمىشە مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىك ۋە توقۇنۇشنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ئوخشاش بولمىغان دىن ۋە ئوخشاش بولمىغان دىنىي مەزھەپلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

قارىمۇ قارشىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئاغدۇرمىچىلىقتىن ئىبارەت جىنايى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىنىي تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا ئەزەلدىن دىققەت قىلىپ كەلگەن ۋە ئۇلارنى ئوچۇق - ئاشكارا پاش قىلغان. مەملىكەت سىرتىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە تەسىرىگە نىسبەتەن، بىزدە يېتەرلىك ھوشيارلىق بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇنىڭغا قارشى مۇناسىپ تەدبىرلەرمۇ بولۇشى لازىم.

7 . مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ۋە بۇرژۇئا مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىش تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن سۆزلەش كۆپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئاز بولغان، بەزىدە شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئۈنۈمى ياخشى بولمىغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەدبىر قوللىنىپ بۇ جەھەتتىكى تەربىيىنى، كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى ئوتتۇرىغا قويغان. شوۋىنىزمغا ۋە مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتە، ئىلگىرى خېلى كۆپ سۆزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلمىگەن، قاراتمىلىقى كەم بولغان. ھازىر مىللەتچىلىكنىڭ تۈرلۈك ئىپادىلىرىنى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش باشلاندى، ھازىرچە تېخى ئۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلگىنى يوق، ئۇنىڭ ئەكسىچە، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ۋە ئاشكارىلاش شارائىتىدا، مىللەتچىلىك تېخىمۇ يامراپ كەتكەن، ئەشەددىي مىللەتچىلەر مىللىي ئۆچمەنلىكنى ئاپ - ئاشكارا قوزغىتىپ، مىللىي ماجىرا ۋە توقۇنۇش قوزغاپ، مىللىي مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. چوڭ رۇسچىلىق شوۋىنىزمى يەنىلا مەۋجۇت، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇنىڭ ئىپادىلىرىدىن ئىنتايىن بىزار بولماقتا ۋە نەپرەتلەنمەكتە. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئەمەلىيەتتە، شوۋىنىزمغا تومتاقلا، قارشى تۇرۇلۇپ، چوڭ رۇسچىلىق شوۋىنىزمىغا قارشى تۇرۇلمىغاچقا، نەتىجىدە باشقا خىلدىكى مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشمۇ ئەمەلگە ئاشماي، مىللىي مۇناسىۋەتكە ئېغىر زىيان يەتكەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى تەربىيىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيىدا ۋە ئادەتتىكى چاغلاردا نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى، ئەمەلدىكى مەسىلە — تەربىيىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ رەسمىيەتۋازلىققا ئايلىنىپ قېلىشىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ساقلىنىش، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇشقا كەلسەك، رەھ-
بەرلىكنىڭ پوزىتسىيىسى روشەن بولۇش، ھەم چوڭ مىللەتچىلىككە، ئالدى بىلەن
چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش، ھەم يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش
لازىم. كەڭ كادىرلارنى ئاگاھلىق ھالدا ئۆزىنىڭ بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە قارشى
تۇرىدىغان قىلىش ھەمدە ئاساسىي ئېقىمدىكى ناتوغرا ئىدىيە - كەيپىياتلارنى
تۈگىتىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بوشاشماستىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە
چوڭقۇر، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى كۆزدە
تۇتقىنىمىزدا، بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. سوۋېت
ئىتتىپاقىنى ئۆزىمىزگە ئەينەك قىلساق زىيىنى بولماس. ئۇلارنىڭ ئىلگىرى
مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈش
جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىدىن ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ پايدىلىنىشى-
مىز؛ ئۇلاردا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە
كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىق ساۋاقلارنى قوبۇل
قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىرى مىللىي مەسىلىنى ھەل
قىلىشتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرى بىز ئۈچۈن پايدىلىق دەيدىغان بولساق، ئۇ
ھالدا بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار دۇچ كەلگەن ئېغىر مىللىي ۋەزىيەت ۋە ئۆزگىرى-
ۋاتقان رېئاللىق بىزنىڭ ھوشيارلىقىمىزنى قوزغاشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.
ئۇزاقتىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مەسىلە تەدرىجىي يىغىلىپ قالغان
ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ مەسىلىلەرنى ئاگاھلىق ياكى ئاگاھسىز ھالدا يېپىپ كەلگەن ۋە
ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇ چوڭ بىر ئىجتىمائىي -
سىياسىي مۇشكۈل مەسىلىگە ئايلىنىپ، نۇرغۇن زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ، مۇرەك-
كەپلىشىپ كەتتى ھەمدە كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى
دائىرىلىرىنى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، بۇنى ھەل قىلىش ئىنتايىن
تەس ئىش. سوۋېت ئىتتىپاقى نۆۋەتتىكى مىللىي كرىزىستىن قۇتۇلۇپ، ھەل بول-
ماي كېلىۋاتقان بىر تالاي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، «مىللىي مۇناسى-
ۋەت جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ۋە چوڭقۇر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش» نى ئوتتۇرىغا
قويدى. بىز ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىسلاھاتىنى قانداق ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى
دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، پۈتكۈل سىياسىي ئىسلاھات ئارقا كۆرۈنۈشىگە قويۇپ
تۇرۇپ تەھلىل تەتقىق قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا خۇلاسە
چىقىرىشىمىز لازىم. بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەينەك قىلىپ، مىللىي سىياسەت ۋە

مىللىي خىزمەتنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز، قايتا ئويلىنىشىمىز، ئۆز ۋاقتىدا زۆرۈر بولغان تەڭشەشلەرنى ئېلىپ بېرىشىمىز ۋە ياخشىلىشىمىز، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەردە كۆرۈلگەن تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىپ بېرىشىمىز لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللىي مەسىلىسى بىزگە ئىجابىي ياكى سەلبىي جەھەتلەردىن تەسىر كۆرسى- تىشى مۇمكىن، بىز ئۆزخىزمىتىمىز ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىجابىي تەسىرىنى كېڭەيتىپ، سەلبىي تەسىرىدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ چەتئەل مەسىلىلى- رىنى تەتقىق قىلغۇچى يولداشلىرىمىز تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار تارماقلارنى ئەھۋال ۋە تەكلىپ پىكىرلەر بىلەن تەمىنلىشى لازىم، يەنە تەشۋىقات خىزمىتىنى مۇۋاپىق تۈردە قانات يايدۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىنى، تەجرىبە ۋە ساۋاق- لىرىنى كادىرلىرىمىزغا ۋە ئاممىغا تونۇشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ، بۇ ئۆزىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى)

تەرجىمە قىلغۇچى: زايىت رەھىم
ئەزىز يۈسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# غەربنىڭ ئىنسان تەبىئىتى ۋە باشقۇرۇش نەزەرىيىلىرى ئۈستىدە تەھلىل

ئابلەت سالى

ھەر قانداق باشقۇرۇشنىڭ يادروسى ئادەم باشقۇرۇش، ھەر قانداق رەھبەر ياكى باشقۇرغۇچى رەھبەرلىك قىلىش ياكى باشقۇرۇش پائالىيىتىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش ياكى باشقۇرۇش ئوبيېكتى بولغان ئادەمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا توغرا، ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى، باشقۇرۇش پىرىنسىپىنى، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى مۇستەھكەم نەزەرىيىۋى ئاساس ئۈستىگە تۇرغۇزالايدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، قارىغۇلارچە رەھبەرلىك قىلىش، كەلسە ـ كەلمەس باشقۇرۇش كېلىپ چىقىدۇ.

باشقۇرۇشتىكى قارىغۇلۇقتىن ساقلىنىپ، باشقۇرۇشنى پۇختا ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، غەربنىڭ باشقۇرۇش ئەمەلىيىتى تارىخىدىكى ئىنسان تەبىئىتىگە دائىر بەزى نەزەرىيىلەردىن ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ باشقۇرۇش نەزەرىيىلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش نۆۋەتتىكى ئىسلاھات دەۋرىدە، خۇسۇسەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا مەلۇم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىنسان تەبىئىتىگە قانداق قاراش مەسىلىسى پەلسەپە تارىخىدا قەدىمدىن تالاش ـ تارتىش بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلە ئىدى. ماركسىزم ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن، بۇ مەسىلىنى توغرا چۈشىنىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېردى. ماركس ئىنساننىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمنىڭ ماھىيىتى يەككە ئادەمدە ئەسلىدىن بار بولغان ئابستراكت نەرسە ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن ئىبارەت». ماركسنىڭ بۇ ھۆكۈمىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى تۇغما ئامىللار ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئامىللار بەلگىلەيدۇ.

بىز بۇ ماقالىمىزدە ئىنسان تەبىئىتى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمىمىز، پەقەت باشقۇرۇش پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن

باشقۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىنسان تەبىئىيتى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار ۋە بۇ كۆز قاراشلاردىن كېلىپ چىققان باشقۇرۇش نەزەرىيىلىرى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

غەربنىڭ باشقۇرۇش پەنلىرىدە ئىنسان تەبىئىيتى توغرىسىدا تۈرلۈك قىياس ۋە نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار تۈرلۈك ئاملار بىلەن ھەر خىل ئاتىلىپ كەلگەنىدى. 1965 - يىلى ئامېرىكا پسىخولوگىيە ئالىمى شېيىن غەربتە ئېقىپ يۈرگەن بۇ نەزەرىيىلەرنى «ئىقتىسادىي ئادەم» قاتارلىق تۆت خىل قاراشقا يىغىنچاقلىغانىدى. تۆۋەندە ئىنسان تەبىئىيتى توغرىسىدىكى بۇ تۆت خىل نەزەرىيىۋى قىياس ۋە ئۇلاردىن كېلىپ چىققان باشقۇرۇش نەزەرىيىلىرىنى ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 1 . «ئىقتىسادىي ئادەم» توغرىسىدىكى قىياس

«ئىقتىسادىي ئادەم (经济人)، «مەنپەئەتكوي ئادەم (实利人)»، «پۇلنى كۆزلەيدىغان ئادەم (金钱人)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ئىقتىسادىي ئادەم» ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى قىياسنى ئەڭ دەسلەپ ئەنگىلىيىلىك ئىقتىسادشۇناس ئادام سىمىت ئوتتۇرىغا قويغان. 1960 - يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ سانائەت پسىخولوگىيە ئالىمى مىگرېگور بۇ نەزەرىيىۋى قىياسنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان باشقۇرۇش نەزەرىيىلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. بۇ نەزەرىيىدە ئادەمنىڭ تەبىئىيتى مۇنداق دەپ قارىلىدۇ، ئادەمنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇشنىلا مەقسەت قىلىدۇ. ئادەمنىڭ خىزمەت قىلىشتىكى مۇددىئاسى ئىقتىسادىي ھەق ئېلىشتىن ئىبارەت. بۇ نەزەرىيىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

1. ئادەم تۇغما ھۇرۇن كېلىدۇ، شۇڭا ئىمكانىقەدەر خىزمەتتىن، ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

2. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئادەمدە يۈكسەك نىشان، ئۇلۇغ ئىرادە بولمايدۇ. ئادەم باشقىلارنىڭ قوماندانلىقى، تىزگىنلىشى ۋە يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولىدۇكى، ئۆزى بىرەر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايدۇ.

3. ئۆز ئۆزىنى مەركەز قىلىش ئادەمنىڭ تۇغما تەبىئىيتى. ئادەم تەشكىلىنىڭ تەلىپىگە ۋە نىشانىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ شەخسىي نىشانى تەشكىلىنىڭ نىشانىغا زىت كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4. كىشىلەر فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجى ۋە بىخەتەرلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلەيدۇ، خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا پۇل ۋە ئورۇن ئادەمنى تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

5. ئادەم ئومۇمەن ئىككى خىل بولىدۇ. كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ قىلمىشى يۇقىرىقى پەرەزگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، بۇ خىل ئادەملەر باشقۇرۇلغۇچى بولۇشقا لايىق، ئاز ساندىكى ئادەملەر ئۆز ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرەلەيدۇ، ئۆز ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ، بۇ خىل ئادەملەر باشقۇرغۇچى بولۇشقا لايىق كېلىدۇ.

ئادەمنىڭ تەبىئىيىتى توغرىسىدىكى يۇقىرىقىدەك پەرەزگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇناسىپ باشقۇرۇش تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش. كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتى، ئارزۇسى، ھەۋىسى، ئېھتىياجى قاتارلىقلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ياكى ئۇنى كۆزدە تۇتۇش ھاجەتسىز. بۇ كۆز قاراش بويىچە باشقۇرۇش پىلانلاش، تەشكىللەش، ئىدارە قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

2. باشقۇرۇش خىزمىتى ئاز سانلىق ئادەملەرنىڭلا ئىشى، ئۇنىڭ كەڭ ئىشچىلار ئاممىسى بىلەن ئالاقىسى يوق. ئىشچىلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى باشقۇرغۇچىلارنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت.

3. ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنىڭ تۈپ ئامىلى پۇل. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىزمەتتە پاسسىپلىق قىلغانلارغا قاتتىق جازالاش تەدبىرى قوللىنىش لازىم. ئامىباب تىل بىلەن ئېيتقاندا، «سەۋزە بىلەن تاياق» نى تەڭ ئىشلىتىش كېرەك.

بۇنداق باشقۇرۇش ئىدىيىسى ۋە تەدبىرى ئاستىدىكى باشقۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتتىق تۈزۈم ئورنىتىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدا تەشكىل ئوتتۇرىغا قويغان نىشاننىڭ قايسى دەرىجىدە ئورۇنلىنىشى باشقۇرغۇچىلارنىڭ خىزمەتچى خادىملارنى ياكى ئىشچىلارنى قايسى دەرىجىدە تىزگىنلىشىگە باغلىق بولغان بولىدۇ. بۇنداق باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان ئورۇندىكى خادىملارنىڭ خىزمەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى «كۈن ئۇياققا ئۆتسە، پۇل بۇياققا ئۆتسە» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

«ئىقتىسادىي ئادەم» نۇقتىئىنەزەرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئامېرىكىلىق ئىنژېنېر تەيلور (1856 — 1915) بولۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشتىنلا ئىبارەت، ئۇ ئىشچىلار-

نىڭ ئىدىيىسى ۋە ھېسسىياتىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئۇ ئىشچىلارنى ماشىنا-ئۇسكۇنىنىڭ قوشۇمچىسى دەپلا قارايدۇ.

تەيلور باشقۇرغۇچىلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ چەك - چېگرىسىنى قاتتىق ئايرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئىشچىلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقى نەپ ياكى پۇلدىن ئىبارەت تاشقى غىدىقلىغۇچىنىلا قوزغىلىدۇ. ئادەم مەنپەئەتكويى كېلىدۇ. نەپ ئېلىشنىلا كۆزلەيدۇ. مەيلى كاپىتالىست بولسۇن، مەيلى ئىشچى بولسۇن، ھەممىسى پۇلنى كۆزلەيدۇ. تەيلور ئادەمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى مۇشۇنداق كۆز قارىشى بويىچە كارخانا باشقۇرۇشتا «پۇل» دىن ئىبارەت بۇ قورالدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ يولغا قويغان ئىش مىقدارىغا قاراپ ھەق بېرىشتىن ئىبارەت مۇئاش تۈزۈمى، نورمىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغانلارنى مۇكاپاتلاش تۈزۈمى ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئىدىيىۋى كۆز قارىشىنىڭ مەھسۇلى.

ئىقتىسادىي ئادەم توغرىسىدىكى بۇنداق نەزەرىيىۋى قىياس ماھىيەتتە ئاللىقاچان رەددىيە بېرىلگەن «ئېرسىيەت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» نەزەرىيىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى بولۇپ، بۇ نۇقتىئىنەزەر ۋە نەزەرىيە بويىچە كىشىلەرنى ئاز ساندىكى مەرتىۋىلىك باشقۇرغۇچىلار بىلەن كۆپ ساندىكى مەرتىۋىسىز باشقۇرغۇچىلارغا ئايرىش كاپىتالىزمنىڭ مونوپول كاپىتالىزمغا ئۆتۈشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى باشقۇرۇش ئىدىيىسى ۋە ئۇسۇلىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھازىر تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە «ئىقتىسادىي ئادەم» دەيدىغان بۇنداق نەزەرىيىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، دەپ قارالماقتا. كىچىك ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ئايرىم كارخانىلاردىلا ئۇنىڭ قالدۇق تەسىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى چەت ئەللەردىلا ئەمەس، دۆلىتىمىزدىمۇ مەۋجۇت. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تەيلورنىڭ «ئىلمىي باشقۇرۇش» نى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۇنىڭدىن بۇرۇن داۋاملىشىپ كەلگەن تەجرىبىگە تايىنىپ باشقۇرۇشقا قارىغاندا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ.

دۆلىتىمىزدە نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان «مۇكاپاتلاش تۈزۈمى» ۋە «ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى»، «مۇئاش تۈزۈمى» قاتارلىقلار تەيلورنىڭ «ئىلمىي باشقۇرۇش» تۈزۈمىدىن پايدىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ «ئىلمىي باشقۇرۇش» تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىم-

www.uyghurkitap.com

ھەققىگە ئىگە. دۆلىتىمىزدە «تەڭگە-تەڭگە قاراپ تەقسىم قىلىش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1978-يىلى ئېچىلغان 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن مۇكاپاتلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇنداق قىلىش «ئىشلىمەي چىشلەپ» ئۆگىنىپ قالغانلارنى «ئىشلەپ تۇرۇپ چىشلەش» كە يۈزلەندۈرۈشتە ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. بىراق ئايرىم قارماقلار ۋە ئورۇنلار، كارخانىلار مۇكاپات تارقىتىشنى خادىملارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنىڭ ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى قىلىۋالدى. ھەتتا بىر قىسىم ئورۇنلار ۋە رەھبىرى خادىملار ھەممە خادىمغا قارا-قويۇق ئوخشاش مۇكاپات تارقىتىپ، مۇكاپات تارقىتىشتا تەڭ تەقسىماتچىلىقنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن «ھەممە پۇل ئۈچۈن»، «ھەممىدە پۇلنى كۆزلەش» تىن ئىبارەت بۇرژۇئا ئىدىيىسى يامراپ كەتتى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا، ئۇلارنى مەنىۋىي جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈشكە سەل قارالدى، روشەنكى بۇ خىل ئۇسۇل ۋە قىلمىشلار «ئىقتىسادىي ئادەم» نۇقتىئىينەزەرى ۋە ئۇسۇلىغا قىسمەن ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا «ئىقتىسادىي ئادەم» توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى قىياستىن ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ باشقۇرۇش نەزەرىيىسى ھەمدە ئەمەلىيىتىدىن خەۋەردار بولۇش بىزنى سەلبىي جەھەتتىن پايدىلىق ساۋاقتا ئىگە قىلىدۇ.

## 2. «ئىجتىمائىي ئادەم» توغرىسىدىكى قىياس

«ئىجتىمائىي ئادەم» توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى قىياسنى ئامېرىكىنىڭ خارۋارد داشۆسىنىڭ پروفېسسورى ئېلتومايو 1933-يىلى ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نەزەرىيە مۇنداق دەپ قارايدۇ، ئادەمنى «ئىقتىسادىي ئادەم» دەپ قاراش خاتا، ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجى ئىجتىمائىي ئېھتىياج بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجى قاندۇرۇلغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغىغىلى بولىدۇ. ئادەم خىزمەت داۋامىدا ئۆپچۆرىسىدىكى كىشىلەر بىلەن دوستانە ئۆتۈشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بولىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى ياخشى مۇناسىۋەت ئىقتىسادىي مەنپەئەت ياكى نەپكە قارىغاندا ئادەمنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ، ھەتتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇ نەزەرىيىۋى قىياسنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

1. ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشى ياكى تۆۋەنلىشى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا باغلىق بولىدۇ، ئىشچى-

خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەلىپىنىڭ قاندۇرۇلۇشى بولسا، باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئائىلە شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىقلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

2. ئادەم خىزمەتنىڭ ئۆزىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى خىزمەتتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن مەنىۋىي ئوزۇق ئىزدەيدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىشچىلار باشقۇرغۇچىلار بېرىدىغان ئىقتىسادىي نەپكە قارىغاندا، باشقۇرغۇچىلار بىلەن ھەمدە خىزمەتداشلىرى، كەسىپداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن ئالىدىغان مەنىۋىي ئوزۇققا تېخىمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ.

3. ئادەمنى «ئىقتىسادىي ئادەم» دەپ قىياس قىلىپ، ئادەمنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنىڭ بىردىنبىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى پۇل دەپ قاراش خاتا، ئادەم «ئىجتىمائىي ئادەم» دۇر، ئادەمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئىچىدە ماددىي ئېھتىياجىدىن باشقا، ئىجتىمائىي ئېھتىياجىمۇ بار، بەلكى بۇنداق ئېھتىياج ماددىي ئېھتىياجىدىنمۇ مۇھىم.

يۇقىرىقى كۆز قاراشقا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى تۆۋەندىكىچە:

1. باشقۇرغۇچىلار دىققەت - ئېتىبارىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقىلا قارىتىپ قالماي، بەلكى مۇھىمى باشقۇرۇلغۇچىلارغا غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ماددىي، مەنىۋىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا قارىتىشى لازىم.

2. باشقۇرغۇچىلار قوماندانلىق قىلىش، نازارەت قىلىش، پىلانلاش، تىزگىنلەش ۋە تەشكىللەشكىلا دىققەت قىلىپ قالماي، بەلكى مۇھىمى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كوللېكتىپقا بولغان تەۋەلىك ھېسسىياتى ۋە پۈتۈنلۈك ئىدىيىسىنى يېتىلدۈرۈشى ۋە كۈچەيتىشى لازىم، بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بەرمىگەندە، ئۇلار رەسمىي تەشكىلدىن يىراقلىشىپ ئۆزىنى غەيرى رەسمىي تەشكىلگە بېغىشلايدۇ.

3. مۇكاپاتلاشنى يولغا قويغاندا، كوللېكتىپنى مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلىش، شەخسنى مۇكاپاتلاشنى تەشەببۇس قىلماسلىق.

4. باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ رولى پىلان تۈزەش، ئىش تەرتىپىنى تەشكىللەش، مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن رەھبەرلىك ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچى بولۇشى يەنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنى يۇقىرى رەھبەرلىككە يەتكۈزۈپ تۇرۇشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كېيىنكى چاغلاردا باشقۇرۇش پسىخولوگىيىسى ساھەسىدىكى بەزى ئالىملار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە باشقۇرۇش، قارار قىلىش، مۇھاكىمە قىلىشتەك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭىچە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

«ئىجتىمائىي ئادەم» توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تاسادىپىي ئەمەس، ئۇ كاپىتالىزمنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى بارغانچە ئۆتكۈرلەشكەن، تەيلورنىڭ «ئىلمىي باشقۇرۇش» ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە كاپىتالىستلارغا ئانچە كۆپ نەپ بەرمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتقان ئەھۋالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دەرۋەقە، «ئىجتىمائىي ئادەم» توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى قىياس «ئىقتىسادىي ئادەم» توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى قىياسقا قارىغاندا زور ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ. بىراق ئىنسان تەبىئىيتىگە بولغان كۆز قاراشتىكى بۇنداق ئۆزگىرىش ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى كاپىتالىستلارنىڭ ئاق كۆڭۈل بولۇپ قالغانلىقىدىن، سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىدىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن ھەرگىز دېرەك بەرمەيدۇ. كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنىڭ كۈچىيىشى، رىقابەت داۋامىدا ۋەيران بولۇپ كېتىش تەھدىتى كاپىتالىستلارنى ئەسلىدىكى قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، بەزى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. بۇنىڭدىكى مەقسىتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت.

«ئىجتىمائىي ئادەم» توغرىسىدىكى قىياس ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ يېڭىچە باشقۇرۇش ئۇسۇلى گەرچە كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى كارخانىلارنىڭ كاپىتالىستىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى بەلگىلىك دەرىجىدە پەسەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. بۇ جەھەتتە ياپونىيە كارخانىلىرىدا قوللىنىلغان ئىشچىلارنى «باشقۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش»، «ئىشچىلار كۇلۇبى» تەشكىل قىلىش، ئىشچىلارنى ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ئىشچىلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ سوۋغا تەقدىم قىلىش، «ئۆمۈرۋايەتلىك ياللاش تۈزۈمى» قاتارلىق تەدبىرلەر ئەمگەكچى بىلەن كاپىتالدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ زىددىيىتىنى پەسەيتىپ، كارخانا ئىگىلىرىگە تېخىمۇ كۆپ پايدا كەلتۈرۈپ بەردى. بىز بىر تەرەپتىن كاپىتالىستىك كارخانىلار قوللانغان يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ ساختىلىقىنى، ئالدامچىلىقىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق تەركىبلەردىن پايدىلىنىشقىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز لازىم.

دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، ئىشچىلار سىنىپى سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ خوجايىنى، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك كارخانىلىرىمىزنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇشىدا كاپىتالىزمنىڭ ئاتالمىش دېموكراتىك باشقۇرۇشىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئەۋزەللىك بار. ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى كارخانىلاردا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ تۈزۈم جەھەتتىكى ئىپادىسى. بىراق بۇ خىل تۈزۈم تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا، مۇكەممەللەشتۈرۈش باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، بېيىتىشقا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 3. «ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان ئادەم» توغرىسىدىكى قىياس

«ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان ئادەم» توغرىسىدىكى قىياسنى ئەڭ دەسلەپتە ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر بىئولوگىيە ئالىمى گۇمانىزم پىسخولوگىيىسىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى دوكتور ماسلوۋ (1908 — 1970) ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ، ئادەمنىڭ تۈپ تەبىئىيتى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى، ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئىنتىلىش، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن قانائەت ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ قاراپ، ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي ئېھتىياجى ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەپ ھېسابلايدۇ. ماسلوۋ جەمئىيەتتىكى مەشھۇر ئەربابلار، ئاتاقلىق ئالىملار، مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئەڭ ساغلام ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتىگە، توغرا ھۆكۈم قىلىش، ساختا ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تېز چۈشىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش، تەپەككۇرى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ۋە جانلىق بولۇش، ئىجادىي روھقا باي بولۇش، كەمتەرلىك، خىزمەتكە بېرىلىش، ئەستايىدىل قېتىرقىنىپ ئىشلەش، يۈرەكلىك بولۇش، ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇش، مۇستەقىل بولۇش، غۇرۇرى كۈچلۈك بولۇش، باشقىلارغا ياردەم قىلىشتىن ھۇزۇرلىنىش، باشقىلار بىلەن چىقىشالايدىغان بولۇش، ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان بولۇش قاتارلىقلار ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدۇر دەپ يەكۈنلەپ چىققان.

ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر پىسخولوگىيە ئالىمى مېگرېگور ماسلوۋ قاتارلىقلارنىڭ نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلىرىنى يىغىنچاقلاپ ئۇنى «Y نەزەرىيىسى» دەپ: «ئىقـ

www.uyghurkitap.com

تىسادىي ئادەم » توغرىسىدىكى نەزەرىيىلەرنى «X نەزەرىيىسى» دەپ ئاتىغان.

Y نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

1. ئادەم ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەمگەكچان، تىرىشچان كېلىدۇ، تۇغما ھورۇن ئەمەس، ئىشتىن قاچمايدۇ، ئەگەر ياخشى خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىلسە، ئادەمگە خىزمەت خۇددى ئويۇنغاندەك، دەم ئالغاندەك تۇيۇلىدۇ، ئەكسىچە خىزمەت شارائىتى ياخشى بولمىسا، ئادەم ئۆزىنى جازالىغاندەك ھېس قىلىدۇ.

2. تىزگىنلەش، جازالاش تەشكىلىي نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئەمەس، بۇلار ئادەم ئۈچۈن بىر خىل «تەھدىت» بولۇپ، ناچار ماسلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. كىشىلەردە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى، يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئارزۇسى بولىدۇ، شۇڭا كىشىلەر ۋەزىپىنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئۆز ئۆزىنى تىزگىنلەيدۇ، ئۆز ئۆزىگە قوماندانلىق قىلىدۇ.

3. كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىش خاھىشى تەشكىلىي نىشان بىلەن قارىمۇ قارشى ئەمەس. رەھبەرلىكنىڭ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى تۈرلۈك ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كىشىلەرنى تەشكىلىي نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

4. نورمال ئەھۋالدا كىشىلەر مەسئۇلىيەتنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، بەلكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش كويىدا بولىدۇ. مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئادەمنىڭ تۇپ تەبىئىيتى ئەمەس.

5. ھازىرقى زامان سانائەت شارائىتىدا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا ئىشقا سېلىنىۋاتىدۇ، رەھبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى مۇۋاپىق شارائىت يارىتىپ كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

Y نەزەرىيىسى ماھىيەتتە «ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان ئادەم» توغرىسىدىكى قىياسنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

«ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان ئادەم» توغرىسىدىكى قىياس كاپىتالىزمنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش جەريانى تەرەققىي قىلىپ يۇكسەك دەرىجىدە ماشىنىلاشقان شارائىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ماشىنىلىشىشى ئارقىسىدا، ئىشچىلارنىڭ ئىش كۈنى بارغانچە كەسىپلىشىپ كەتتى، بولۇپمۇ زاۋۇتلاردا ئۈزۈتۈش تاسمىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى ئارقىسىدا، ئىشچىلار تارغىنە ئىش دائىرىسى ئىچىگە قامىلىپ قالىدىغان

بولدى. ئىشچىلار ئاددى ۋە بىر خىللا ھەرىكەتنى قايتىلاش بىلەنلا بەنت بولۇپ كېتىپ، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپە بىلەن بولغان باغلىنىشىنى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلارنىڭ خىزمەتكە بولغان قىزىقىشى تۆۋەنلەپ، خىزمەت كەيپىياتى سۇسلىشىپ كەتتى. نەتىجىدە مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى ۋە سۈپىتىگە تەسىر يەتتى. مانا شۇنداق ئەھۋالدا «ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان ئادەم» توغرىسىدىكى قىياس ياكى «Y نەزەرىيىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا، «ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان ئادەم» دېگەندىن ئىبارەت بۇ ئىنسان تەبىئىيتى نۇقتىئىينەزەرىدە خېلىلا بىر تەرەپلىمىلىك ۋە خاتالىق بار. ماركسىزملىق پىسىخولوگىيە شۇنداق دەپ قارايدۇكى، ئادەم تۇغما ھۇرۇن ياكى تۇغما ئەمگەكچان ئەمەس، ھۇرۇنلۇق ياكى ئەمگەكچانلىق ئادەمنىڭ خاراكتېر بەلگىسى بولۇپ، ئادەمنىڭ خاراكتېرى تۇغما بولمايدۇ، ئادەم خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت قاتارلىقلار ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ھالبۇكى، بۇ نەزەرىيىۋى قىياستا ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىش تەبىئىيتى تەرەققىي قىلىش جەريانىدۇر، كىشىلەرنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالماسلىقى، ئارزۇلىرىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرالماسلىقى مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. روشەنكى بۇنداق نۇقتىئىينەزەر «مۇھىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» دەيدىغان نەزەرىيىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خىل نەزەرىيىدە شەخسىي پىداكارلىق تەرغىب قىلىنىدۇ، ئۇنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدۇ، رەھبىرى خادىملاردىن شەخسىي پىداكارلىق ئۈچۈن ھەممە ئىمكانىيەتنى يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. روشەنكى، بۇنداق شەخسىي پىداكارلىق تەشەببۇس قىلىنسا ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئۆزىنى كوللېكتىپنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان، شەخسىي مەنپەئەت ۋە ئېھتىياجىنى كوللېكتىپ مەنپەئەت ۋە كوللېكتىپ ئېھتىياجىدىن ئەلا بىلىدىغان شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا بىز بۇ خىل نەزەرىيىۋى پەرەزگە تەنقىدى مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان مەزمۇنلىرىنى چۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭدىكى بەزى پايدىلىق تەركىبلەردىن تەنقىدى پايدىلىنىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 4 . «مۇرەككەپ ئادەم» توغرىسىدىكى قىياس

«مۇرەككەپ ئادەم» توغرىسىدىكى قىياس ئامېرىكا پسىخولوگىيە ئالىمى شېيىن تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ قىياستا مۇنداق دەپ قارىلىدۇ، ئادەمنىڭ تەبىئىيتى ئەمەلىيەتتە «ئىقتىسادىي ئادەم»، «ئىجتىمائىي ئادەم»، «ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان ئادەم» دېگەن نەزەرىيىلەردە قىياس قىلىنغاندەك ئۇنداق ئاددىي ۋە بىر تەرەپلىمە بولمايدۇ. ئادەملەر ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن مۇرەككەپ كېلىدۇ. تۈرلۈك ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجى، مۇددىئاسى ھەر خىل بولۇپلا قالماي، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەنمۇ ئۇنىڭ ئېھتىياجى، مۇددىئاسى ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت ۋە ئورۇندا ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ئېھتىياجى، مۇددىئاسى يېشى، بىلىم - تەجرىبىسى، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە كىشىلەر ئارا مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. قىسقىسى، ئادەم نوقۇل «ئىقتىسادىي ئادەم» ياكى «مەنپەئەتكوي ئادەم» مۇ ئەمەس، تامامەن «ئىجتىمائىي ئادەم» مۇ ئەمەس، پۈتۈنلەي «ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان ئادەم» مۇ ئەمەس، بەلكى زامانغا، ماكانغا ۋە تۈرلۈك ئەھۋاللارغا بېقىنىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ئۇلارغا مۇۋاپىق ئىنكاس بىلدۈرىدىغان «مۇرەككەپ ئادەم» دۇر. «مۇرەككەپ ئادەم» توغرىسىدىكى قىياسنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئادەمنىڭ ئېھتىياجى، مۇددىئاسى خىلمۇ - خىل بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئادەمنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە، خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئادەمدە يېڭى مۇددىئا، يېڭى ئېھتىياج ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

2. بىر ئادەمنىڭ تەشكىلنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى ۋە كۆيۈنۈشى ئۇنىڭ مۇددىئا ۋە ئېھتىياج قۇرۇلمىسىغا، تەشكىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە باغلىق بولىدۇ، شۇنىڭدەك مەزكۇر ئادەمنىڭ خىزمەت قابىلىيىتى، خىزمەتداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئاسى، ئېھتىياجى ۋە قابىلىيىتىگە قاراپ ئوخشاش بولمىغان باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىغا ئوخشاش بولمىغان ئىنكاس قايتۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەر قانداق تەشكىلگە، ھەر قانداق ئادەمگە ۋە ھەر قانداق دەۋرگە باب كېلىدىغان ھەممىگە قادىر بولغان ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولمايدۇ.

ئىنسان تەبىئىيىتى توغرىسىدىكى «مۇرەككەپ ئادەم» دېگەن نەزەرىيىۋى قىياسقا ئاساسەن مورس ۋە لورىچ قاتارلىق ئامېرىكا پسىخولوگىيە ئالىملىرى 1970 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئېلىپ بارغان تەجرىبە - تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا «Y دىن ھالقىغان نەزەرىيە» نى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلەر بۇ نەزەرىيىنى «ئۆزگىرىشچانلىق نەزەرىيىسى» دەپ ئاتىدى. ياپونىيە ئالىملىرى «Z نەزەرىيىسى» دەپمۇ ئاتىدى. بۇ نەزەرىيىدە شۇنداق دەپ قارىلىدۇ، «X نەزەرىيىسى» ۋە «Y نەزەرىيىسى» نى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ؛ گەرچە بۇ نەزەرىيىلەر ھەممىلا جايغا، ھەممىلا ئادەمگە، ھەممىلا چاغدا باب كەلمىسىمۇ، لېكىن ئايرىم جايلارغا، ئايرىم ئادەملەرگە، ئايرىم چاغلاردا يەنىلا باب كېلىدۇ. شۇڭا بۇ نەزەرىيىلەرنى ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ياكى كىرىشتۈرۈپ قوللىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، بەزى ئادەملەر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا، باشقۇرۇش - رەھبەرلىك قىلىشقا قاتنىشىشقا ئانچە قىزىقمايدۇ، ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە بەكراق كۆڭۈل بۆلىدۇ، بۇنداق ئادەملەر «X نەزەرىيىسى» يېتەكچىلىكىدىكى رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى قارشى ئالىدۇ. بەزىلەر ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى، قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشنى، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشنىلا ئىزدەيدۇ، بۇنداق ئادەملەر «Y نەزەرىيىسى» يېتەكچىلىكىدىكى رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى قارشى ئالىدۇ.

«Y دىن ھالقىغان نەزەرىيە» ياكى «Z نەزەرىيىسى» غەربتە ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ باشقۇرۇش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلماقتا، شۇنىڭدەك بۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ بۇ نەزەرىيە تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇلماقتا. مەسىلەن، بۇ نەزەرىيە بويىچە كارخانىلاردا قاتتىق باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش - قوللانماسلىق شۇ كارخانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ، ئەگەر كارخانىدا ۋەزىپە ئېنىق بولمىسا، خىزمەتتە قالايمىقانچىلىق ساقلانغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ كارخانىدا بىرقەدەر قاتتىق باشقۇرۇش تەدبىرلىرى (X نەزەرىيىسى) قوللىنىلىدۇ. ئەكسىچە، كارخانىدا ۋەزىپە ئېنىق، ئىش تەقسىماتى مۇقىم بولسا، ئۇ ھالدا ھوقۇق كۆپرەك تۆۋەنگە بېرىلىدۇ (Y نەزەرىيىسى) قوللىنىلىدۇ، تۆۋەنىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى جارى قىلدۇرۇلىدۇ، ۋە باشقىلار.

يۇقىرىقىلار غەرب ئەللىرىنىڭ باشقۇرۇش پسىخولوگىيىسى تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىنسان تەبىئىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى قىياسلىرى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ باشقۇرۇش نەزەرىيىلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. باشقۇرۇش نەزەرىيە-

(داۋامى 37 - بەتتە)

# ۋېنگرىيىنىڭ شەرقشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى

ۋېنگرىيىدىكى شەرقشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى خېلى ئۇزاق تارىخقا ۋە خېلى پۇختا ئاساسقا ئىگە.

يېقىنقى بىر قانچە ئون يىل مابەينىدە ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ۋە بەزى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا شەرقشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئىلمىي جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى. مەسىلەن، بۇدا پېشت لاۋلەن ئەدەبىيات - سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا كافېدراسى، خەنزۇشۇناسلىق - ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق كافېدرالىرى، ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات گۇرۇپپىسى، ۋېنگرىيە شەرق ئىلمىي جەمئىيىتى (1968 - يىلى قۇرۇلغان)، ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتى (70 - يىللاردا قۇرۇلغان). سوسما ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار ۋېنگرىيىدىكى شەرقشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيا بويىچە شەرقشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان ئىلمىي ئورۇنلاردۇر.

بۇ يەردە ۋېنگرىيىدىكى شۇنداقلا خەلقئارادىكى شەرقشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ناھايىتى مۇھىم ۋە مول ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسى 1826 - يىلى قۇرۇلغان. بۇ كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان شەرقشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىققا دائىر يازما يادىكارلىقلار سانى ۋە تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن دۇنيا شەرقشۇناسلىرىنى، ئۇيغۇرشۇناسلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ئەنە شۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلار ئىچىدە ۋېنگرىيىنىڭ ئاتاقلىق شەرقشۇناسى سوسما (1784 —— 1842) ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭدىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان نۇرغۇنلىغان قول يازما ھۆججەت-

لەر ۋە كىتابلار؛ داڭلىق شەرقشۇناس ۋامبېرى (1832 — 1913) ساقلىغان تۈركىي تىلىدىكى، ئەرەب تىلىدىكى ۋە پارس تىلىدىكى قول يازمىلار؛ ئارخېئولوگ ستېيىن (1862 — 1943) مەزكۇر كۇتۇپخانىغا تەقدىم قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا دائىر تۈرلۈك مەزمۇندىكى قول يازمىلار، كىتابلار، ھۆججەت-ۋەسىقىلەر؛ شەرقشۇناس كېگېر (1862 — 1920) مۇشۇ كۇتۇپخانىغا تەقدىم قىلغان پارس تىلىدىكى 100 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق قول يازما؛ داڭلىق دىنىشۇناس گېيردىيېنس خار (1850 — 1921) قالدۇرۇپ كەتكەن 150 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئىسلام دىنى مەزمۇنىدىكى ھۆججەت- ماتېرىيال بار. مانا شۇ يادىكارلىقلار شەرقشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا بىرىنچى قول يازما يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ۋېنگىرىيىدىكى شەرقشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ھەمدە ۋېنگىرىيىنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى خەلقئارالىق ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ۋېنگىرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسى، شۇنىڭدەك بەزى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ۋە بەزى ئىلمىي ئورگانلارلا كۈچ چىقىرىپ قالماي، بەلكى خېلى كۆپ تەتقىقاتچى خادىملارمۇ ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1) لېگېتى لوئىس: ئاكادېمىك، پروفېسسور، فىلولوگ، داڭلىق شەرقشۇناس. ۋېنگىرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاكادېمىيە تىلشۇناسلىق كومىتېتىنىڭ باشلىقى، ۋېنگىرىيە تىل ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە بۇداپېشتتىكى لاۋلەن ۋە ئادىپىس داشۆلىرىنىڭ خەنزۇشۇناسلىق ۋە يىراق شەرق كافېدىرالىرىنىڭ مۇدىرى. ئۇ نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «ئاتتىلانىڭ نەسەبنامىسى ۋە ھۇنلاردىكى توڭگۇس نامى» (1925 - يىل)، «قىتانلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى» (1927- يىل)، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خەنزۇچە - قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ تىرانسكرىپسىيە قىلىنىشى» (1961 - يىل) «تۈرك تىلىنىڭ لۇغەت فوندى تارىخى» (1950 — 1951 - يىل) «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر» ۋە «تەرجىمە مەھكىمىسىدىكى خەنزۇچە-قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار» (1967 - يىل)، «ۋېنگىرىيىنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخى» (1943 - يىل) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە. ئالىم لېگېتى لوئىس 1973 - يىلى داشۆدىكى خىزمەتلىرىدىن بوشىغان بولسىمۇ، ئەمما ھېلىمۇ ئوتتۇرا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخى ئۈستىدە، ئۇ رايونلاردا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ تىلى ۋە تارىخى ئۈستىدە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا.

2) ك. سىنگېلېد: ۋېنگرىيىنىڭ ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن خەلقلەرنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسىنى شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا دائىر مەلۇماتلارنى ھەمدە ئۇيغۇرلار بىلەن تېلېلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا داڭ چىقارغان ئالىمى. ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن: «تۈركىي تىللىق ئۇرۇق - قەبىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ بۆلۈنۈشىگە دائىر مەسىلىلەر» (1949 - يىل)، «قارلۇقلارنىڭ مىللەت نامى» (1949 - يىل)، «تاتارلار [دادەن]، ھۇنلار، ئاۋارلار ۋە ياغلىغۇرلار» (1954 - يىل)، «كافكاز ھۇنلىرى ۋە ئاۋارلار» (1954 - يىل)، «كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ شەرقتىن غەربكە كۆچۈشلىرى» (1968 - يىل)، «قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى قەبىلىلەرنىڭ سانى» (1972 - يىل) قاتارلىقلار بار.

3) گ. خازاي: پروفېسسور، بېرلىندىكى ھامبۇرگ داشۆسىدە تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەرنى ئۇزاق ۋاقىت تەتقىق قىلغان. گېرمانىيىدىكى دوكتور سىمېي بىلەن بىرلىكتە «بېرلىن - تۇرپان تېكىستلىرى مەجمۇئەسى» نىڭ 1 تومىدا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ پارچىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن: «ئۇيغۇرچە ياغاچ مەتبەئە نۇسخا ‹ئالتۇن يارۇق› نىڭ مۇقەددىمىسىنىڭ پارچىسى» (سىمېي بىلەن بىرلىشىپ يازغان —— 1968 - يىل)، «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان تېكىستلىرى ئىچىدىكى بۇددا دىنى شېئىرلىرى» (1970 - يىل) قاتارلىقلار بار.

4) د. سىنوز: پروفېسسور، دوكتور، ئورال - ئالتاي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا ھۆججەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس. ئۇ بۇرۇن يازغان ئىلمىي ماقالىلىرىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنىغا دائىر ھۆججەتلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان. ئۇ نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىچە: «تۈركچە بۇددا ھۆججەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى» (1939-يىل)، «V ئەسىردە مىللەتلەرنىڭ يۆتكىلىش-كۆچۈشلىرى» (1946 - 1947 - يىللار)، «ئوغۇزخان داستانى ھەققىدە» (1950 - يىل)، «تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىي رولى» (1953 - يىل)، «پىلان كارپىنىنىڭ موڭغۇلىيىگە بېرىش يولى» (1957 - يىل).

⑤ ن. ئېسىپدوۋ: ئۇنىڭ «790 —— 791 - يىللاردىكى بېشبالىقتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەر» (1964 - يىل)، «خەنزۇچىدىن كىرگەن قەدىمكى تۈركچە ئاتالغۇلار» (1964 - يىل)، «VI ئەسىردىكى تۈرك ئىمپېرىيىسى تەركىبىدىكى قەبىلىلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىيىتى» ( 1972 - يىل ) قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى بار .

بۇلاردىن باشقا يەنە بۇداپېشت لاۋلەن ئەدەبىيات شۆبىسىنىڭ مەركىزي ئاسىيا كافېدراسىنىڭ مۇدىرى، ۋېنگىرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ۋېنگىرىيە شەرقشۇناسلىق تەتقىقات كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم ك. گىئورگى قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ .

پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىياللار:

① لىن گەن: «ھونلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ( 1919 —— 1979) 1983 - يىل جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى، خەنزۇچە .

② ئەخمەت زەكى ۋەلىدى توغان: «تۈرك ۋە تاتار تارىخى» 1912 - يىل قازان نەشرى، فاكسىمىل نۇسخا.

③ « سۆزلەر كانى» («سىخەي») 1979 - يىل شاڭخەي نەشرى،

④ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ئۇچۇرى» خەنزۇچە، 1987 - يىل 10 - سان.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى)

---

سى ۋە باشقۇرۇش ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، غەربنىڭ يۇقىرىقى نەزەرىيىلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى مۇۋاپىق تەركىبلەردىن پايدىلىنىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى : شىنجاڭ مائارىپ شۆبىسى)

# يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن يەكەن خانلىقىدىكى ئابدۇرەشىتخاننىڭ پەرزەنتلىرىگە دائىر مەلۇماتلار

لى چى

ئابدۇرەشىتخان VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەكەن خانلىقىغا خان بولغان. ئۇ ھىجرىيە 915 ـ يىلى (مىلادى 1509 ـ 1510 ـ يىللار) تۇغۇلغان ①، ھىجرىيە 940 ـ يىل روزا ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى (1533 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى) تەختكە چىققان، ھىجرىيە 967 ـ يىلى (مىلادى 1559 ـ 1560 ـ يىللار) 49 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن (بۇ ھەقتىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس) ②. پارسچە مەشھۇر كىتاب «تارىخى رەشىدى» ئابدۇرەشىتخانغا ئاتاپ يېزىلغان. ئابدۇرەشىتخاننىڭ پەرزەنتلىرىگە دائىر مەلۇماتلار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن باشقا، يەنە باشقا يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلاردىمۇ خاتىرىلەنگەن، لېكىن ئۇلاردا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ماقالىدە خەنزۇچىدىن باشقا يېزىقتىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىكى قاراشلارنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## 1. ئابدۇرەشىتخاننىڭ قانچە پەرزەنتى بار؟

بۇ ھەقتىكى قاراشلار خىلمۇ خىل. تارىخىي ماتېرىياللاردا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

شاھ مەھمۇت ئىبنى مىرزا فازىل جوراس مۇنداق دەپ قارايدۇ، ئابدۇرەشىتخاننىڭ 12 ئوغلى بار، ئۇنىڭ مۆھتەرەم رەپىقىسى چۈچۈك خانىم، چۈچۈك خانىم جانىبەگ قازاق ئوغلى ئەدىك سۇلتاننىڭ قىزى. چۈچۈك خانىمنىڭ ئانىسى سۇلتان نىگار خانىم يۇنۇسخاننىڭ تۆتىنچى قىزى.

چۈچۈك خانىم ئابدۇرەشىتخاندىن ئالتە ئوغۇل يۈزىنى كۆردى. ئۇلار: بىرىنچى، ئابدۇلېتىپ سۇلتان؛ ئىككىنچى، ئابدۇكېرىمخان؛ ئۈچىنچى، ئابدۇرېھىم سۇلتان؛ تۆتىنچى، ئىبراھىم سۇلتان (سوپى سۇلتان دەپمۇ ئاتالغان)؛ بەشىنچى، مۇھەممەتخان؛ ئالتىنچى، ئەبۇ سەئىد سۇلتان. ئابدۇرەشىتخاننىڭ يەنە ھەر خىل

تائىپىدىن تۇغۇلغان ئالتە ئوغلى بولۇپ، ئۇلار: يەتتىنچى، قۇرەيش سۇلتان؛ سەككىزىنچى، مۇھەممەت باقى سۇلتان؛ توققۇزىنچى، مۇھەممەتشاھ سۇلتان؛ ئونىنچى، يۇنۇس سۇلتان؛ ئون بىرىنچى، ئابدۇللا سۇلتان؛ ئون ئىككىنچى، ئابدۇرېھىمخان ③.

«قەشقەر تارىخى» نىڭ نامەلۇم ئاپتورىنىڭ ئابدۇرىشىتخاننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ رەت - تەرتىپى توغرىسىدىكى قارىشى جوراسنىڭكىگە ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇ جوراسنىڭ ئەسىرى «تارىخى رەشىدى زەيلى» دىكى يېتىشسىزلىكنى تولۇقلىغان. نامەلۇم ئاپتورنىڭ قارىشىچە، يەتتىنچى ئوغۇل قۇرەيش سۇلتان سەئىد مىرزىنىڭ قىزى زىرمېزدىن تۇغۇلغان؛ سەككىزىنچى ئوغۇل مۇھەممەت باقى مەنسۇرخاننىڭ ئوغلى شاھخاننىڭ قىزى خوپ نىگارخانىمدىن تۇغۇلغان؛ توققۇزىنچى ئوغۇل مۇھەممەتشاھ سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئەتىۋارلىق رەپىقىسىدىن تۇغۇلغان، بۇ خوتۇن سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەۋلادى. ئونىنچى ئوغۇل يۇنۇس سۇلتان بىلەن ئون بىرىنچى ئوغۇل ئابدۇللا سۇلتان بىر ئانىدىن تۇغۇلغان. بۇ ماتېرىيال جوراسنىڭ ئابدۇرىشىتخاننىڭ كېيىنكى ئالتە ئوغلى باشقا ئانىدىن تۇغۇلغان دېگەن قارىشىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ④.

بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغان يەنە ئىككى تارىخىي ماتېرىيال بار. ئەمىن ئەھمەت رازى «خەفت ئىقلىم» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «خاننىڭ 13 ئوغلى بار. ئۇلار: بىرىنچى، ئابدۇلېتىپخان؛ ئىككىنچى ئابدۇكېرىمخان؛ ئۈچىنچى، ئابدۇرېھىمخان؛ تۆتىنچى، ئابدۇ ئاجۇس؛ بەشىنچى ئادخام سۇلتان. كىشىلەر ئۇنى سوپى سۇلتان دەپ ئاتايدۇ؛ ئالتىنچى، مۇھەممەت سۇلتان؛ يەتتىنچى، مۇھەممەت باقى؛ سەككىزىنچى، قۇرەيش سۇلتان؛ توققۇزىنچى، ئابدۇسەئىد سۇلتان؛ ئونىنچى، ئابدۇللا سۇلتان؛ ئون بىرىنچى، ئۇلۇس (يۇنۇس) سۇلتان؛ ئون ئىككىنچى، ئالىپ سۇلتان؛ ئون ئۈچىنچى، ئابدۇرېھىم سۇلتان.»⑤

ھەيدەر ئىبىن ئەلى «تارىخى ھەيدەر» ناملىق ئەسىرىدىمۇ يۇقىرىقىدەك خاتىرە قالدۇرغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئابدۇلېتىپ سۇلتان بىلەن ئابدۇكېرىمخان مەنسۇرخاننىڭ قىزىدىن تۇغۇلغان ⑥.

مۇھەممەت ئىبىن ۋەلى «بەھرول ئەسرار» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان، ئابدۇرىشىتخاننىڭ توققۇز ئوغلى. ئىككى قىزى بار. ئۇلار: بىرىنچى ئابدۇلېتىپ سۇلتان؛ ئىككىنچى، ئابدۇكېرىمخان؛ ئۈچىنچى مۇھەممەت سۇلتان؛ تۆتىنچى، سوپى سۇلتان؛ بەشىنچى، قۇرەيش سۇلتان؛ ئالتىنچى، يۇنۇس سۇلتان؛ يەتتىنچى. مۇھەممەت باقى سۇلتان؛ سەككىزىنچى، ئەبۇ سەئىد سۇلتان؛

تۇغقۇزىنچى، ئابدۇرېھىم سۇلتان؛ ئىككى قىزى — ھاجى خېنىم بىلەن جالال خېنىم شەيبانى سۇلتانغا ياتلىق قىلىنغان [7].

## 2. ئابدۇرەشىتخاننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى

### 1. ئابدۇرەشىتخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپ توغرىسىدا

ئابدۇرەشىتخان ھايات چاغدا، چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپخاننى ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپانغا ئەمىر قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ ۋاقىت يەكەن خانلىقى قۇدرەت تاپقان مەزگىل ئىدى [8]. ئابدۇلېتىپ شاھزادىلەر ئىچىدە باتۇرلۇقى بىلەن داڭ چىقارغان بولۇپ، ئاتىسى ئۇنى قىرغىزلار ۋە قازاقلارغا قارشى تۇرۇشقا موغۇلىستانغا بىر قانچە قېتىم ئەۋەتكەنىدى [9]. ئابدۇلېتىپ موغۇلىستاننى چىڭ ساقلىغاچقا، قازاقلار بىلەن قىرغىزلار ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمىگەن [10]. ئابدۇلېتىپ سۇلتان ئاقسۇدا قازاقلارغا، قىرغىزلارغا ۋە موڭغۇللارغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلغان، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈك - چارۋىلىرىنى ئولجا ئالغان شۇنداقلا زىيانغا ئۇچراتقان. ئۇ جەڭلەردە رەقىبلىرىنى دائىم مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىمۇ جەڭدە ھالاك بولغان [11].

ئابدۇلېتىپ 29 يېشىدا «قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ خانى ھەق نەزەرخان» بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلگەن. بۇ قېتىمقى جەڭگە «قىرغىزلارنىڭ يەر ئىجارىسىنى تاپشۇرۇشقا قارشى چىققانلىقى سەۋەب بولغان. ئابدۇلېتىپ سۇلتان قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلغان. دەسلەپتە ئۇ ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ نۇرغۇن ئولجا ئالغان.» [12]، «5 - قېتىم قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، ئۇ غەلىبە شاتلىقى ئىچىدە رەقىبىنى ئۇنتۇپ قالدى.» بۇ ئۇنىڭ تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولۇشىنى جەزملەشتۈردى. ھەق نەزەرخان قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنى توپلاپ، ئابدۇلېتىپنىڭ بارگاھىغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدى [13]. ئابدۇلېتىپ سۇلتانغا «ئۇقيا ئوقى تەگدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى.» [14]

ئابدۇرەشىتخان بىلەن چۇچۇك خانىم ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن ۋاقىپلىنىپ، ماتەم كىيىمىنى كىيىپ ئۇنىڭ جەسىتىنى ئالتۇناۋۇققا ئەكېلىپ، ئۇنىڭ بوۋىسى مەشھۇر سۇلتان سەئىدخاننىڭ قەبرىسىنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلدى. ئابدۇرەشىتخان ئەتىۋارلىق ئوغلى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ رەقىبلىرىگە قارشى ئاتلاندى. ئۇ رەقىبلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ھەق نەزەرخاننى ئەسىر ئالدى [15]. بۇ ۋەقەنىڭ قايسى يىلى يۈز بەرگەنلىكىنى

ھازىرچە مۇقىملاشتۇرۇش قىيىن.

شاھ مەھمۇت جوراس، ھەيدەر ئىبىن ئەلى، مۇھەممەت ئىبىن ۋەلىلەر بۇ قېتىملىق جەڭئەھۋالىنى بايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قايسى يىلى يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتمىغان. ۋ. پ. يۇدىن، ۋ. ۋ. بارتولد، ك. ئى. پېتروۋ، ۋ. ل ۋېياتكىن قاتارلىقلار بۇ مەسىلە توغرىسىدا سوۋېت ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتقان نامەلۇم ئاپتورنىڭ تۈركچە ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. بۇ ئەسەردە ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ ئۆلۈمى سەۋەبىدىن ئابدۇرىشىتخان ئېلىپ بارغان جازا يۈرۈشىگە دائىر ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن، بۇ مەلۇماتتىن ئۇ جەڭنىڭ ھىجرىيە 944 - يىلى (مىلادى 1537 - يىلى) يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن[16].

ئاكمۇشكىن نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ئابدۇرىشىتخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپ سۇلتان بۇ ۋەقەنىڭ سەۋەبچىسى. بۇ ۋەقە تەخمىنەن ھىجرىيە 963 - يىلى (مىلادى 1556 - يىلى) يۈز بەرگەن بولسا كېرەك، بۇنىڭدىن كېيىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى شۇ قېتىمقى جەڭدە ئابدۇرىشىتخانغا ياردەملەشكەن نەۋرۇز ئەخمەتخان شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۆلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇلېتىپ سۇلتان 29 ياشتا جەڭدە ئۆلگەن. ھىجرىيە 944 - يىلى (1537 - يىلى) ئۇنىڭ ئاتىسى 29 ياشتا ئىدى. دېمەك، بىز مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ ئەسىرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ بىرى. ھىجرىيە 944 - يىلى (1537 - يىلى)، يەنە بىرى، ئەڭ كېيىن بولغاندا ھىجرىيە 963 - يىلى (1556 - يىلى) يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز[17].

2. ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكېرىمخان

جوراس يازغان «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇلېتىپ سۇلتان ئۆلگەندىن كېيىن، ئابدۇرىشىتخان ئابدۇكېرىمنى ئاكىسىنىڭ ئورنىغا ئاقسۇغا ئەمىر قىلىپ تەيىنلىگەن. ئابدۇكېرىمخان ئاقسۇغا بېرىشنى خالىمىغان. بەزىلەر ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ «ئاتامنىڭ ھاياتى ماڭا غەنىيمەت» دەپ جاۋاب بەرگەن. بەزى ھەسەتخورلار پادىشاھقا ئابدۇكېرىمدە باشقا غەرەز بار دەپ چاققان. شۇڭا ئابدۇرىشىتخاندا گۇمان تۇغۇلغان. ئابدۇرىشىتخان ئابدۇكېرىمگە مۇنۇ بېيىتنى يازغىن دەپ بۇيرۇق قىلغان.

ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈچىگە پادىشاھلىق يارىماس،
ئەگەر يارايدىغان بولسا ئالتە ئايدىن ئارتۇق چىدىماس.

ئابدۇكېرىم بۇ بېيىتنى دەرھال يازغان ۋە بەلبېغىنى بوينىغا سېلىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ، خان ئالدىدا مەقسىتىنى بايان قىلغان.

ئابدۇرىشىتخان يەنە ئابدۇكېرىمگە ئاكىسى ئابدۇلېتىپ سۇلتان ھەققىدە دۇئا قىلىشىنى بۇيرىغان، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قانائەتلەنگەن. ئابدۇرىشىتخان ئۇنىڭ تەلىپىنى سورىغاندا، ئۇ يېگىسارغا بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئابدۇرىشىتخان ئۇنى قانائەتلەندۈرگەن ھەمدە جان مۇھەممەت مىرزا بايرىنىنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىگەن [18]. مۇھەممەت ئىبىن ۋەلى ئابدۇكېرىمخان ئاتىسى ھايات چاغدا قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن دەيدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مۇتتەقى مەزھىبىدىكى تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى [19]. ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۇرغۇن ماھارەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئوقيا ياساش ۋە سازچېلىشنى پۇختا ئۆگىنىۋالغان [20]. كېيىن بۇرۇنقى رەسمىيەتلەر بويىچە ئانىسى چۇچۇك خانىم ۋە ئەمىرلەر، كاتتىباشلار ئۇنى خان قىلىپ تىكلىدى [21]. شاھ مەھمۇت جوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە «ئابدۇكېرىمخان 30 ياشتا تەختكە چىقتى ..... 33 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى ..... 63 ياشتا ئالەمدىن ئۆتتى» دەيدۇ [22]. ئاكمۇشكىن ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 967 - يىلى (1559 - 1560 - يىللار) تەختكە چىققان دەپ قارايدۇ.

«تارىخى ئەمىنىيە» دىكى خاتىرىلەرمۇ جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى زەيلى» نىڭكىگە ئوخشايدۇ.

«قەشقەر تارىخى» دە، ئابدۇكېرىمخان 34 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى، 63 ياشتا ئالەمدىن ئۆتتى دەپ خاتىرىلەنگەن [23].

ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئۆلگەن يىلى توغرىسىدىكى قاراشلار ھەر خىل.

ئاكمۇشكىن ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 999 - يىلى ياكى 1000 - يىلى (1590 - يىلى ياكى 1591 - يىلى) ئۆلگەن دەپ قارايدۇ [24].

«تارىخى ئەمىنىيە» دە، ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 1000 - يىلى ئۆلگەن دېيىلىدۇ [25].

تەزكىرىچى ئابدۇل مەننان ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 998 - يىلى ياكى 999 - يىلى (1590 - ياكى 1591 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن دەيدۇ [26].

«ئانسات تالىبىن» ناملىق كىتابتا، ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 1000 ـ يىلى ئۆلگەن دەپ خاتىرىلەنگەن㉗.

شاھ مەھمۇت جوراس يازغان «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە، ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 999 ـ يىلى ئۆلگەن دېيىلگەن㉘.

3 . ئۈچىنچى ئوغۇل ئابدۇرېھىم

شاھ مەھمۇت جوراس يازغان «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە، ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئابدۇرېھىم سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ھايات چاغدا باشقا دىندىكى تىبەتلىكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئەمىن ئەخمەت رازى: ئۈچىنچى ئوغۇل ئابدۇرېھىم سۇلتان ئاتىسىنىڭ ئىلتىجاسى بىلەن تىبەتكە بېسىپ كىرگەندە، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن دەيدۇ.

ن ئېلىئارىس ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئابدۇرېھىم ئاتىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالالمايلا، قوشۇن باشلاپ ئۆز ئېلىدىن تىبەتكە بېسىپ كىرگەن ۋە شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن دەيدۇ.

4. تۆتىنچى ئوغۇل ئەبۇرەھىم

ئابدۇرېشىتخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئەبۇ رەھىم توغرىسىدا شاھ مەھمۇت جوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە خاتىرە قالدۇرمىغان، پەقەت ئەمىن ئەھمەد رازى بۇ كىشى ئۈستىدە توختىلىپ ئۇنى 16 ياشتا كېسەل بىلەن ئۆلگەن دەيدۇ.

5 . بەشىنچى ئوغۇل ئادخام سۇلتان (سوپى سۇلتان)

ئابدۇرېشىتخاننىڭ 5 ـ ئوغلى ئادخام سۇلتاننى كىشىلەر سوپى سۇلتان دەپ ئاتىغان.

ئۇ «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە، ئابدۇرېشىتخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئىبراھىم دېيىلگەن. ئابدۇرېشىتخان ئۇنى قەشقەرنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇ قەشقەردە ئالتە يىل ۋەزىپە ئۆتىگەن.

سوپى سولتانگەپتان، باتۇر، كەسكىن، ھوقۇقنى ئىشلىتىشكە ماھىر، مىجەزى ھاكاۋۇر، كېلىشكەن ئەر ئىدى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى ئاتاقلىق ھۆكۈمران دەپ ھېسابلايتتى.

جوراس يازغان «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇكېرىمخان تەختكە چىقىپ ئىككى كۈندىن كېيىن سوپى سۇلتان قەشقەردىن ئوردىغا كەلگەن. ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا: «قېرىندىشىم، كونا رەسمىيەت بويىچە مېنى خانلىققا تەيىنلىدى. ئەگەر سىلىنىڭ خانلىققا مەيلىلىرى بولسا، مەن ئەلنى سىلىگە تاپشۇرىمەن، مەن دۇنيانى دەپ سىلە بىلەن قارشىلاش

www.uyghurkitap.com

مايمەن» دېدى، ئاندىن كېيىن چوڭچوڭ خانىم سوپى سۇلتانغا: «ئەي جېنىم بالام، ھازىر، ئابدۇكېرىم سىلىگە ئاتا ئورنىدا، موغۇل سۇلتانلىرىنىڭ كونا قائىدىسىدىمۇ، قايسى ياشتا چوڭراق بولسا شۇنى خان دەپ بىلىپ شۇنىڭغا بويسۇنىدىكەن. كونا رەسمىيەت بويىچە ئابدۇكېرىمنى خان قىلىپ تىكلىدۇق، سىلىچە قانداق؟» دېدى. سوپى سۇلتان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسى بىلەن ئاكىسى ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ: «ئابدۇكېرىمخاننى ئاتامنىڭ ئورنىدا بىلىپ، ئۇنىڭغا تامامەن ئىتائەت قىلىمەن» دېدى، ئابدۇكېرىمخان سوپى سۇلتاننى قەشقەر بىلەن يېڭىسارغا ۋالى قىلدى. سوپى (ئىبراھىم) تەخمىنەن ھىجرىيە 996 ـ يىلى (1588 ـ يىلى) قەشقەردە ئۆلدى[29].

6. ئالتىنچى ئوغۇل مۇھەممەت سۇلتان

سوپى سۇلتاننىڭ قەشقەردىكى ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى — ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئالتىنچى ئوغلى مۇھەممەت سۇلتان ۋەلىئەھد بولغاندەك قىلىدۇ. «خەفت ئىقلىم» دېگەن كىتاب يېزىلىپ تاماملانغان چاغدا،[30] مۇھەممەت ئۇ يەردە ۋالى ئىدى.

ن. ئېلىئارېس مۇنداق دەيدۇ، ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەتخان تەختتىكى چاغدا تارقاتقان ئىمتىياز گۇۋاھنامىسى ھېلىمۇ بار؛ بۇ گۇۋاھنامىدە پىسكەنت دېگەن جايدىكى مۇھەممەت فازىل دېگەن كىشىگە «تارخان» دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن. ئۇنىڭدا بۇگۇۋاھنامە ھىجرىيە 996 ـ يىلى يەنى مىلادى 1587 ـ يىلى قەشقەردە تارقىتىلغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. ھىجرىيە 996 ـ يىلى 1587 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 1588 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[31].

جوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە خاتىرىلىشىچە، ئابدۇكېرىمخان ئۆلۈپ ئۈچ ئايدىن كېيىن مۇھەممەتخان موغۇلىستانغا قايتىپ كېلىپ تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. ئاكىمۇشكىن بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 999 ـ ياكى 1000 ـ يىلى (1590 ـ ياكى 1591 ـ يىلى) بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ. شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ يازغانلىرى باشقا تارىخىي ماتېرىياللارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

جوراسنىڭ خاتىرىلىشىچە، مۇھەممەتخان ئابدۇرىشىتخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى بولۇپ، ئۇ جانىبېكنىڭ ئوغلى ئەدىك سۇلتاننىڭ قىزى چوڭچوڭ خانىمدىن تۇغۇلغان، ئابدۇلېتىپ سۇلتان ئۆلگەندىن كېيىن، ئابدۇرىشىتخان ئۇنى ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەن.

بۇ چاغدا مەنسۇرخاننىڭ ئوغلى شاھخان كۇچاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. مۇھەممەتخان شاھخاننىڭ قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولدى. ئۇ شاھخان موڭغۇللارغا يورۇش قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ قىزىنى تارتىۋالماقچى بولدى. شاھخان ۋە خەۋەرنى ئاڭلاپ، قوشۇن باشلاپ ئاقسۇغا ھۇجۇم

قىلدى. شاھخان ئاقسۇنى قورشىۋېلىپ، مۇھەممەتخاننى ئەسىر ئالدى. ئابدۇكېرىمخان دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپ، شاھخاندىن مۇھەممەتخاننى قويۇۋېتىشنى ئۆتۈندى. شاھخان ئۇنى ئابدۇكېرىمخاننىڭ ھۇزۇرىغا قايتۇرۇۋېتىشكە قوشۇلدى. مۇھەممەتخان بىر مەزگىل ئابدۇكېرىمخاننىڭ ھۇزۇرىدا تۇردى. ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭغا ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلدى. سوپى سۇلتان قەشقەردە ئۆلگەندە، ئۇ سوپى سۇلتاننىڭ ئورنىغا قەشقەرگە ئەۋەتىلدى. ئاكىمۇشكىن بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 996 ـ يىلى (1588 ـ يىلى) بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

## 7. ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوغلى ئەبۇ سەئىد سۇلتان

شاھ مۇھەممەت چوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە مۇنداق دەيدۇ، ئەبۇ سەئىد سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئالتىنچى ئوغلى (بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا يەتتىنچى ئوغلى دېيىلىدۇ). ئۇ ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ خوتەندىن يەكەنگە كەلگەن. ئابدۇكېرىمخان ئۆلۈپ ئۈچ ئايدىن كېيىن مۇھەممەتخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. مۇھەممەتخان ئەبۇ سەئىدنى قەشقەر بىلەن يېڭىسارنىڭ ۋالىيلىقىغا، ئەمىر چىگىل بەردىنى ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەن.

ئوبۇل فازىلنىڭ خاتىرىلىشىچە ㉜، ئابدۇرېشىتخان ھىجرىيە 967 ـ يىلى ياكى 968 ـ يىلى ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئەبۇ سەئىد سۇلتان ئانىسى چۇچۇك خانىم ۋە ئاكىسى سوپى سۇلتان بىلەن بەدەخشانغا كەلگەن. بۇ چاغدا بەدەخشاننىڭ ھۆكۈمرانى مىرزا سۇلايمان ئىدى. ئەبۇ سەئىد سۇلتان ئۇنىڭ چوڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ھەمدە بەدەخشاندا قېلىپ رۇستاك دېگەن جاينى باشقۇرغان، بۇ جاينى مىرزا سۇلايمان قىزىغا ئىنئام قىلغانىدى. ئاكىمۇشكىن يەنە مۇنداق دەيدۇ، ئەبۇ سەئىد سۇلتان رۇستاكتا ئانچە ئۇزۇن تۇرمىغان، ئۇ يەنە يەكەنگە قايتىپ كەلگەن. ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭغا خوتەن شەھىرى ۋە پۈتكۈل خوتەن رايونىنى ئىنئام قىلغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇنىڭ بەدەخشاندىكى سەرگۈزەشتىسى توغرىسىدا، يەكەنگە نېمىشقا كەلگەنلىكى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

## 8. ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوغلى قۇرەيش سۇلتان

ئابدۇرېشىتخاننىڭ يەنە بىر ئوغلىنىڭ ئىسمى قۇرەيش سۇلتان. ئابدۇرېشىتخان ھايات چاغدا ئۇنى خوتەنگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، ئۇ يەكەندىن جۇڭغارىيىگە ۋە تۇرپانغا قېچىپ بېرىپ، ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان. ئابدۇكېرىمخان مۇھەممەت سۇلتانغا قۇرەيش سۇلتاننى باستۇرۇشنى بۇيرۇغان. مۇھەممەت سۇلتان ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە قۇرەيشنىڭ ئىسيانىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىنچىتقان . ئۇ قۇرەيش سۇلتاننى يەكەندىكى ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئالدىغا ئەكەلگەن. ئابدۇكېرىمخان قۇرەيش سۇلتاننىڭ گۇناھىنى تونۇغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھىندىستانغا كېتىشىگە ئىجازەت بەرگەن. ھىندىستاندا ئۇنى ئەكبەر پاناھىغا ئالغان ھەمدە ئۇنىڭغا يەر-زېمىن ئىنئام قىلغان. ئاكمۇشكىن تارىخى ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىشقا ئاساسلىنىپ، بۇ ۋەقە «تەخمىنەن ھىجرىيە 996 - يىلى ( 1587 - 1588 - يىللار) يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ھىجرىيە 997 - يىلى (1589 يىلى) قۇرەيش ھىندىستانغا كەتكەن دەپ قارايدۇ.

ئىبىن ۋەلى مۇنداق دەيدۇ، سۇلتان مۇھەممەت شاھخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇرەيش سۇلتان توققۇز كۈنلا خان بولغان، 10 - كۈنى ئاپاقخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان.

ئەمىن ئەھمەت رازى «خەفت ئىقلىم» دا كۆرسىتىشىچە، سەككىزىنچى ئوغۇل قۇرەيش سۇلتان ئابدۇكېرىمخان بىلەن چىقىشالمىغانلىقتىن ھىندىستانغا كەتكەن، ئۇ ھىندىستاندا ئەتىۋارلانغان بولسىمۇ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بەش ئوغلى ھىندىستاندا قالغان.

«ئەكبەر نامە» [33] دە خاتىرىلىنىشىچە، قۇرەيش سۇلتان تولغاق كېسىلى بىلەن ھىجرىيە 1000 - يىلى (1591 - 1592 - يىللار) ئۆلگەن.

9. ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەت باقى سۇلتان

شاھ مەھمۇت جوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە، ئابدۇرىشىتخاننىڭ يەنە بىر ئوغلىنىڭ ئىسمى مۇھەممەت باقى سۇلتانغا دائىر ئىشلارنى خاتىرىلىگەن: مۇھەممەتخان قەشقەردىكى زېمىندا تەخت ۋارىسى بولغاندا، مۇھەممەت باقى سۇلتان ـــ ئابدۇرىشىتخاننىڭ سەككىزىنچى ئوغلى ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپاننىڭ ۋالىيسى بولغان. ئۈچ يىل ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن باقى دۇنياغا سەپەر قىلغان. ئاكمۇشكىن مۇھەممەت باقى سۇلتان تەخمىنەن ھىجرىيە 999 - يىلى ( 1590 - يىلى) ئابدۇكېرىمخاندىن سەل بۇرۇن ئۆلگەن دەپ كۆرسىتىدۇ.

10. كىچىك ئوغۇل ئابدۇرېھىمخان

ئابدۇرىشىتخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇرېھىمخان ئاتىسى ئۆلۈپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، يەنى ھىجرىيە 967 - يىلى (1559 - 1560 - يىللار) تۇغۇلغان. ئابدۇكېرىمخان ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان، مۇھەممەتخان تەختكە چىققان يىلى ئۇ 33 ياش ئىدى. مۇھەممەتخان ئۇنى جۇڭغارىيە بىلەن تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان ھەمراسى مىرزا شاھ ئىدى. بۇ مەزگىلدە قۇرەيش سۇل-

تانىڭ ئوغلى خۇدا بەندى سۇلتان قازاقلارنىڭ كۆچمىگە تايىنىپ جۇڭغارىيە بىلەن تۇرپاننى كونترول قىلىۋاتاتتى. موڭغۇللار ئۇنى ئابدۇرېھىمخان بىلەن مىرزا شاھقا تۇتۇپ بەردى. مىرزاشاھ خۇدا بەندىنى يەكەنگە ئېلىپ باردى. ئابدۇرېھىمخان جۇڭغارىيە بىلەن تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى[34]. ئاكىمۇشكىن بۇ ۋەقە ھىجرىيە 1004 - يىلى (1595 - 1596 - يىلى) يۈز بەرگەن بولسا كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ.

مىرزاشاھ مەھمۇت چوراسىنىڭ خاتىرىلىشىچە، ئابدۇرېھىمخان 40 ياشقا كىرگەندە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا كىرىشكەن. 70 ياشتىن ئاشقاندا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان. ئۇنىڭدىن توققۇز ئوغۇل قالغان.

يۇقىرىقىلار خەنزۇچىدىن باشقا يازما يادىكارلىقلاردا يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرېشىتخاننىڭ پەرزەنتلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەنگەن مەلۇماتلار بولۇپ، ئۇنى تولىمۇ تولۇقسىز مەلۇمات دەپ ھېسابلاش مۇمكىن. ھازىر موغۇللار ۋە ئۇلارنىڭ خانلىرىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئابدۇرېشىتخاندىن بۇرۇنقى تارىخىي ئەھۋاللار مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر يازغان «تارىخى رەشىدى» ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى بابۇر يازغان «بابۇرنامە» دە ئىنتايىن تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئەمما يەكەن خانلىقىنىڭ ئابدۇرېشىتخاندىن كېيىنكى تارىخىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار تولىمۇ كەمچىل، مەن بۇ يېتىشسىزلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن، خەنزۇچىدىن باشقا يازما يادىكارلىقلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ، رەتلەپ، تەتقىقات خادىملىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم.

ئىزاھلار:

① مۇھەممەت ھەيدەر ئابدۇرېشىتخان ھىجرىيە 915 - يىلى (1509 - 1510 - يىلى) تۇغۇلغان دەيدۇ.

② «قەشقەرىيە»، 62 - بەت. شاھ مەھمۇت ئىبنى مىرزا فازىل چوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» (ئو. ف. ئاكىمۇشكىن تەرجىمە قىلغان رۇسچە نۇسخا). ئەمىن مۇھەممەت رازىنىڭ خاتىرىلىشىچە، ئابدۇرېشىتخان ھىجرىيە 950 - يىلى (1543 - 1544 - يىلى) 25 ياشتا تەختكە چىققان، 33 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ھەيدەر ئىبنى ئەلى ئابدۇرېشىتخان ھىجرىيە 978 - يىلى (1570 - 1571 - يىلى) ئۆلگەن دەيدۇ. مۇھەممەت ئىبنى ۋەلى بولسا، ئابدۇرېشىتخان ھىجرىيە 975 - يىلى (1567 - 1568 - يىلى) ئۆلگەن دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

③ ④ ئاكمۇشكىن تەرجىمە قىلغان رۇسچە «تارىخى رەشىدى زەيلى» گە قاراڭ.

⑤ «خەفت ئىقلىم» ھىجرىيە 1005 ـ يىلى (1593 ـ 1594 ـ يىلى) ھىندىستاندا يېزىپ تاماملانغان. كاتېرمېر «تارىخ ـ جۇغراپىيىگە دائىر خاتىرىلەر»، 1843 ـ يىل.

⑥⑦⑧⑨⑩⑪⑫ ئاكمۇشكىن تەرجىمە قىلغان رۇسچە «تارىخى رەشىدى زەيلى» گە قاراڭ.

⑬⑭⑮⑯⑰ ن. ئېلىئاربس «تارىخى رەشىدى» ئېنگلىزچە نۇسخا، كىرىش سۆز، جوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» (ئاكمۇشكىن تەرجىمە قىلىنغان رۇسچە نۇسخا).

ك. پ. پېتروۋ: «XV ـ XVIII ئەسىرلەردىكى قىرغىزلارنىڭ فېئوداللىق مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، فرۇنزى، 1961 ـ يىل.

ۋ. پ. يۇدىن «XV ـ XVIII ئەسىرلەردىكى قازاق خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، ئالما ـ ئاتا، 1969 ـ يىل.

ۋ. ۋ. بارتولد «قىرغىزلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «بارتولد ماقالىلىرى» II توم، 10 ـ قىسىم، موسكۋا، 1963 ـ يىل.

⑲ مۇھەممەت ئىبىن ۋەلى: «بەھرەل ئەسرار». سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان قوليازما.

⑲⑳㉑㉒ جوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى»، رۇسچە تەرجىمە نۇسخا.

㉓ «قەشقەر تارىخى»، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان قوليازما، 576 ـ بەت.

㉔ «تارىخى رەشىدى زەيلى» (ئاكمۇشكىن تەرجىمە قىلغان رۇسچە نۇسخا).

㉕ موللا موسا سايرامى «تارىخى ئەمىنىيە»، «قەشقەرىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تارىخى»، ن. ن. بانتسوۋ، قازان نەشرى، 1905 ـ يىل.

㉖ جوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» (ئاكمۇشكىن تەرجىمە قىلغان رۇسچە نۇسخا).

㉗㉜ شاھ مەھمۇد ئەمىر فازىل جوراس «ئانسام مالىبىن»، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان قوليازما 13771.

㉘㉙ «تارىخى رەشىدى زەيلى» رۇسچە نۇسخا.

㉚㉛ ن. ئېلىئاربس «تارىخى رەشىدى»، ئېنگلىزچە نۇسخا، كىرىش سۆز.

㉝ «ئەكبەرنامە»، ئېنگلىزچە نۇسخا، كالكۇتتا، 1897 ـ 1910 ـ يىللار.

㉞㉟ جوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى»

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ئۇچۇرى» 1990 ـ يىل 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

# هۆرمەتلىك كىتابخانىلار:

قولىڭىزدىكى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلى 1991 - يىلىمۇ پەسلىدە بىر سان (50 بەت ئۆپچۆرىسىدە)، يىلدا تۆت سان چىقىدۇ، بىر سانى 0.40 يۈەن، يىللىقى 1.60 يۈەن. كىتابخانىلارنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە بىۋاستە پۇل ئەۋەتىپ مۇشتەرى بولۇشىنى قارشى ئالىمىز. مۇشتەرىلەرگە 90 - يىل 4 - سان ژۇرنال بىلەن تارقىتىلغان تالون ئەۋەتتۇق. تالوننىڭ بىرسىنى تولدۇرۇپ ئەۋەتىشىڭلارنى، پۇلنى پوچتىدىن پىرەۋوت قىلىشىڭلارنى، مۇشتەرىلەرنى كۆپەيتىشكە ياردەملىشىشىڭلارنى سورايمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى بېيجىڭ يولى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

تەھرىر بۆلۈمى (پوچتا نومۇرى: 830011)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
قەرەللىك ژۇرناللارنى تىزىملاش نومۇرى: 703